www.kitaphumar.com

# كازاكلار ئاقسۇدا

**(ئەسلىمە)**

**ئېزىز ساۋۇت**

**نەقىللەر**

ئەسلىمە كازاكلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا، ئاقسۇغا قانداق سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشۈنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

1920 ـ يىلى ئاق ئورۇس ئالياكوۋ (چارروسىيەنىڭ كازاك ئاتامانى) سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا تېرە ـ پېرەن بولۇپ، ئىلىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىق تاپتى. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا 1170 كىشىلىك كازاك ۋە ئاق ئورۇستىن تەركىب تاپقان ئېغىر ـ يېنىك ياراغلىق ئەسكىرى بار ئىدى. «ئەنگلىيە بۇ ئاق ئورۇس ـ كازاك قىسىملىرىنى ئۈرۈمچى ئارقىلىق قەشقەرگە، ئاندىن ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستا ـ نغا ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇپ ئەپكېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق روسىيە دىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئىكلەۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى بىلەن سوقۇشتۇر ـ ماقچى بولدى. بۇ پىلانغا شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىڭ ئۇنىمىدى. ئۇلار نائىلاج ئىلىدا تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى

ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن مەخپىي جازا ئەترا قىلىش گۇرۇپپىسىنى كىرگۈزۈپ، ئاق ئورۇس- كازاك قوشۇنىنىڭ ئاتامانلىرىدىن بولغان باچچ ۋە دوتوۋلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئالىياكوۋ ئۆزىنى ياقىغا ئالدى. كېيىن تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈندى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

«قىزىل رۇس - شىڭ شىسەيگە ياردەم بەرگەن ئالتايىسكىلار ئاساسەن كازاك، ئاق ئورۇسلار بولۇپ، 5000 كازاك، 2000 ئاق ئورۇستىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن 1000 نەپىرى چار پادىشاھنىڭ ئالتايغا قېچىپ ئۆتكەن كازاكلار. 1000 نەپىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئايروپلان، برونېۋىك ۋە ياخشى قوراللانغان ئورۇس، 1000 نەپىرى تورغاۋۇت موڭغۇللىرىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەر، 2000 نەپىرى ھەر خىل مىللەتتىن قۇراشتۇرۇلغان ئەسكەرلەر...» سېۋىن ھېدىن: «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»

«پىرىشكوراكوۋ - پولكوۋنىك. ئېگىز، تەمبەل، قىزىل بۇرۇن، ئادەمنىڭ زوقى كېلەتتى، كازاك ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىپ تىجارەت قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى مۇھاجىرلار كوچىسىدا ئولتۇرغان 1500دىن ئارتۇق كازاكنى جىن شۇرېننىڭ تەلىپى بىلەن تەشكىللەپ بىر قوشۇن تۈزگەن. پىرشكوراكوۋ ئاشۇ قوشۇنغا باش بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداشقا خىزمەت قىلغان. جىڭ شۇرېن ئاشۇ كازاكلارغا يەنە ئادەم تولۇقلاپ ‹3- ئاق ئورۇس پولكى› قىلىپ قۇرۇپ چىققان. كېيىن جىن شۇرېن پولكوۋنىك پىرىشكوراكوۋ باشچىلىقىدىكى بۇ كازاك پولكىنى كۆزگە ئىلمىغان، مائاش- تەمىناتلىرىنى ۋاقتى-قەرەلىدە بەرمىگەن، شۇڭا ئۇ غەزەپلىنىپ جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. كېيىن بۇ قىسىم شىڭ شىسەيگە خىزمەت قىلدى. ھازىر بولسا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قوشۇلۇپ، قىزىل ئارمىيە ‹ئالتايىسكى›، ‹تارباغاتايىسكى› نامىدا شىنجاڭدىكى يېغىلىقلارنى تىنچىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ» (سېۋىن ھېدىن: «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

«بېكتېيېۋ گېنېرال—شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دالا ئارمىيە سىنىڭ باش قوماندانى. ئوتتۇرا بوي، ساغلام، قاۋۇل، سېمىزرەك، سالاپەتلىك، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، قولى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ چار پادىشاھ نىكولاي دەۋرىدە روسىيە ئارمىيەسىدە مەنسىپى يۇقىرى ئىدى. سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلۇپ، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. شىمالىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيۈەننىڭ ئىسيانچى قىسىملىرى -نىغا قارشى ئىلى،

تارباغاتاي، ئالتايلاردا شىڭ شىسەيگە ياللىنىپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. كازاك، ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن شىمالىي ئارمىيەگە باش قوماندان بولغان. شۇ يىللاردا شىڭ شىسەينىڭ تەلپى بىلەن چېگرادىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كىرگەن سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىدە ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان. شىڭ شىسەي ساختىلىق قىلىپ كىشلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۇچۇن، جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ كىيىمنى كەيگۈزۈپ، شىنجاڭدا ئۆزلەشكەن قوشۇن قىلىپ نىقابلىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ قوشۇننىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنىدە بولغان».
(سېۋېن ھېدىن:«قاچقۇن ماجۇڭيىڭ »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

«ماجۇڭيىڭ شىمالدا مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىدى (1933 ـ يىلى 7 ـ 8ـ ئايلار). شىڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن (ئۆلكە ئارمىيەسى ۋە «ئالتايىسكى»، «تارباغاتايىسكى» نامىدىكى شىڭ شىسەيگە ھەمكارلاشقۇچى كازاك قوشۇنى) ما جۇڭيىڭنى ئىككى تەرەپتىن (ئىلى ۋە ئۈرۈمچى تەرەپتىن) قوغلاپ زەربە بەردى. ئۆلكە قوشۇنلىرى ـ نىنىڭ قوماندانى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ گېنېرالى لىيۇ بىن ئىدى (لىيۇ بىن شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدىكى چاغدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك قوغدىنىش قىسمىنىڭ گېنېرالى، قوماندانى ئىدى). ئۇنىڭ قولىدا تەخمىنەن 4 تۈمەن ــــ 1000 دەك ئادەم بار ئىدى. يەنە ئۇنىڭ قول ئاستىدا شەرقىي شىمال پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ ئاتاقلىق ئوفىتسېرلىرى ـ جىلىن تۈمەننىڭ تۈمەنجاڭى جياڭ يۇفېن، خېيلۇڭجياڭ دۆلەت قۇتقۇزۇش ئارمىيەسىنىڭ يىڭجاڭى سۇڭ چىڭلىنلار بار ئىدى. («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ توم 366 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

«شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان لىيۇبىن قوشۇنى 1934 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن جەڭ قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاقسۇدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاز قىسىم بىلەن مارالۋېشىغا چېكىنىدى» (يۇقىرىقى كىتاب 388 ـ بەت).

«1934 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۆلكە قوشۇنىنىڭ (شىڭ شىسەيگە تەۋە قوشۇن ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن كازاك قىسىملىرى) 10000 دەك ئەسكىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۈرۈش جەريانىدا مارالۋېشىنى ئىشغال قىلدى» (يۇقىرىقى كىتاب 388 ـ بەت).

«دەل شۇ چاغدا بۇ بىرلەشمە ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىدە، چەت رۇسلاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ خىل قوراللانغان ئورۇس قىسىملىرى بولغانلىقتىن، خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر (بولۇپمۇ ئەنگلىيە) نارازىلىق

بىلدۈرۈپ، روسىيەلىكلەرنىڭ قەشقەرگە - جەنۇبقا قوراللىق ئەسكەر چىقىرىپ مۇداخىلە يۈرگۈزۈشىگە يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە - جەنۇبقا لىيۇبىن قوماندانلىقىدىكى شېڭ شىسەيگە تەۋە جۇڭگوۋا مىنگو قوشۇنلىرى ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللۇقىدىكى ‹ئالتايىسكى› ۋە ‹تارباغاتايىسكى› كازاك قىسىملىرى ۋاقتىنچە مارالۋېشىدا توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قەشقەر ۋەزىيىتى بەك مۇرەككەپ، ھەر خىل ئىسيانچى كۈچلەرنىڭ داشقايىنىقى بولۇپ قالغاچقا، كازاك قىسىملىرى مۇشۇنداق ئىنچىكە ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، مارالۋېشىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتمىدى. مارالۋېشى، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات، ئاقسۇ، ئونسۇ، كۇچا، توقسۇ، كورلا... قاتارلىق جايلاردا تۇەن، يىڭ، لىيەنلەر بويىچە تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تاكى 1938 - يىللارغىچە شېڭ شىسەي ئۆچۈن بۇ ناھىيە - ۋىلايەتلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ بەرگەنىدى» («ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى» دىن، ئۆمەر ئابدۇللا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشقان. 1950 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيە - 37 پولكى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، كۇچاغا ھاكىم، ئاقسۇغا ۋالى بولغان. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە خوجا نىياز ھاجىنىڭ خاس خىزمەتكارى بولغان، 2007 - يىلى ۋاپات بولدى).

«1934 - يىل 4 - ئايلاردا سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ چېگرادىكى مەۋلانوۋ قىرغىز ئاتلىق پولكى ئەركەشتام چېگرا ئېغىزىدىن شىنجاڭغا كىرىپ، ئۆلكە قوشۇنىغا ياردەملەشكەنىدى. ئىسھاقبەگنىڭ ئۇلۇغچات ئەركەشتام چېگراسىغا قويۇلغان شېڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدىكى چېگرا قوغداش قىرغىز - ئۇيغۇر ئاتلىق پولكىمۇ ئۆلكە قوشۇنىغا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئىككى قىرغىز پولكى ئۇلۇغچاتقا ئورۇنلاشتى».

(«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - توم، 389 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

## قانخور چېرنىيوف

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. بۇنى خىزمەتدىشىم ئابلەت قېيۇم بىر قېتىملىق

سۆھبەتتە سۆزلەپ بەرگەن، ئابلەت قېيۇمغا بولسا مۇشۇ ۋەقەلەرگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان قېيناتىسى ئىمام مەھدى تۆمۈر ئاكا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. ئابلەت قېيۇم ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ بۇ يىل 58 ياش (2009 ـ يىلى).

بايان قىلماقچى بولغان تۆۋەندىكى ۋەقە، ئۆز ۋاقتىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا روسىيەدىن قېچىپ چىقىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي... قاتارلىق جايلاردا پاناھلىنىپ جان باققان، كېيىن جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ بېرىشكە ياللانغان كازاكلارنىڭ ئاقسۇدا پەيدا بولۇپ، يەرلىك پۇقرا ـ ئاھالىلەرگە يۈرگۈزگەن قەبىھ جىنايەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ جىنايەتنى شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، ماجۇڭيىڭنى جەنۇبقا سۈرۈپ قوغلاپ كېلىۋاتقان «ئالتا ـ يىسكىلار» نىڭ بىر لېيەنجاڭى ـــ كازاك چېرنىيوف سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالار ئۇنىڭغا «قانخور چېرنىيوف» دەپ لەقەم قويۇپ ئەسلەشكەن...

A

ئابلەت قەييۇم ئەسلەپ شۇنداق داۋام قىلىدۇ: قېيناتام ئىمام مەھدى تۆمۈرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ۋەقە 1933 ـ يىلى 9 ـ ئايلاردا بوپتىكەن، شۇ چاغلاردا ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ ماڭغان «ئالتايىسكى» كازاك پولكىنىڭ لېيەنجاڭى چېرنىيوف ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قۇمباشقا چۈشتى (ئۇ چاغدا ھازىرقى دۆلەت تاشيولى يوق، خان يولى ئارقىلىق قۇمباش، ئاۋات، مارالۋېشى ئارقىلىق قەشقەرگە ئۆتەتتى). قېيناتام ئىمام مەھدى تۆمۈرئاخۇن قۇمباشلىق بولۇپ، شۇ چاغلاردا 15~16 ياشلاردا ئىكەن.

بىر كۈنى ئېغىر ـ يېنىك ياراغلىق ئاتلىق كازاك ئەسكەرلەر قۇمباش بازىرىنى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار بەك ھاكاۋۇر، زوراۋان، ئەخلاقسىز ئىكەن. يەرلىك پۇقرالارغا ھەر خىل ئالۋان ـ سېلىقلارنى سېلىپ ئازابلىغان. ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلغان. قېينانام شۇنداق ئەسلىگەنىدى: بىر كۈنى قۇمباشلىق ھېزىبەگنىڭ بىدىسىنى ئوردۇق، مەن ۋە قۇمباشلىق قادىر دېگەن 19~20 ياشلاردىكى يىگىت ھېزىبەگنىڭ يىللىقچى چاكارلىرى ئىدۇق. چۈش ۋاقتى بولاي دېگەنىدى. بىدە ئورۇۋاتساق قۇمباشقا چۈشكەن ئىككى قوراللىق ياش ئورۇس (ئەمەلىيەتتە كازاك، كىشىلەر

كازاكلارنى بىلمىگەچكە ئورۇس، دەپ بىلىشەتتى) ئەسكەر ياخشى كىيىنگەن، قۇلاق، بويۇن، قوللىرى ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن تولغان چىرايلىق ئىككى ئۇيغۇر قىزنى مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىپ، مىلتىقلىرىنى چەتتىكى قىر چېتىگە تاشلاپ قويۇپ، بىزدىن نېرىراق بىر سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئاپىرىپ باسقۇنچىلىق قىلدى. ئاندىن بۇ ئاياللارنىڭ ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرىنى بۇلىغىلى تۇرۇۋىدى، ئاياللار چىرقىرىشىپ قارشىلىق قىلدى. ئىككى ئورۇس يېنىدىكى غىلابىغا سېلىقلىق مىلتىق نەيزىسىنى ئېلىپ ئېپپەت يېرىگە، قورساقلىرىغا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھېلىقى ئىككى ئورۇس ئالتۇنلارنى تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشقىلى تۇرغاندا، يېنىمدا بىدە ئورۇۋاتقان تەمبەل، جىگەرلىك يىگىت قادىر بۇ زوراۋانلىققا چىداپ تۇرالماي (ئۇ ئىككى قىز بىزنىڭ خوجايىنىمىزنىڭ قىزلىرى ئىدى) ئورغاقنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئورۇسلارغا ئېتىلىپ چاپقىنىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن قورقۇپ كەتكەن ئورۇسلار مىلتىقلىرىنىمۇ ئېسىگە ئالالماي ۋاي-دات سېلىشىپ توۋلىشىپ كەتتى. قادىر ئېتىلىپ بارغىنىچە بىر ئورۇسنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ، يەنە بىرىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى ـ دە قېچىپ كەتتى. مەنمۇ قاچتىم. چۈشتىن كېيىن ئورۇسلار كەنت ئىچىگە يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ چېرنىيوف دېگەن ليەنجاڭى ئەسكەر لىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئورۇسنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ. ئۆلتۈرگۈچىلەرنى تاپالماي ياۋۇزلىشىپتۇ. كەنتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆلتۈرگۈچىلەرنى ئېيتىپ بەرمىگەن. چېرنىيوف غەزىپىنى باسالماي:

ـــ قىزلارنىڭ ئىگىسى كىم؟ ـــ دەپ سوراشتۇرۇپ، قۇمباش يېزىسىنىڭ بەگ ـ شاگىيوسى ھېزىبەگنىڭ قىزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كەنت ۋە ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاپ، ھېزىبەگنى تۇتۇپ باغلىتىپ ئېلىپ كەپتۇ. بەگنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يوغان بىر تۈپ سۆگەت بار ئىكەن، بادرا شاخلىرى بەك يوغىناپ كەتكەنىكەن. ھېزىبەگنىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ئارغامچا بىلەن ئېسىپ سۆگەتكە چىقىرىپ، ئاندىن زور ئىككى بادرا شاخنى دېھقانلارغا ئارغامچا بىلەن مەجبۇرىي ئەگدۈرۈپ، ھېزى بەگنىڭ بىر پۇتىنى ئۇشۇقىدىن، يەنە بىر پۇتىنىمۇ ئارغامچا بىلەن بادرا شاخلارغا تېڭىپ باغلىغان، ھېزىبەگنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا پىسەنت قىلماي رەھىمسىزلىك بىلەن بادرىلارنى قويۇۋەتكەن. بادرا شاخلىرى ئارقىسىغا يانغاندا چاتىرىسى كېرىلىپ قاتتىق ئازابلانغان. چېرنىيوف چاتىرىسىنىڭ يىرتىلمىغىنىنى كۆرۈپ، تاپانچىسىدىن چاتىرا ئوتتۇرىسىغا ئوق ئېتىپ چېقىۋەتكەندىن كېيىن، چاترا سۆگەك ئاجراپ تارىسلداپ

يىرتىلىپ كىندىك، قورساق، كۆكرەك، ئومۇرتقا، تەڭمۇتەك ئىككى بۆلەك بولۇپ كارنىيىغا يەتكەندە توختىغان. ئۇچەي ـ ئۆپكىلىرى ساڭگىلاپ  قالغان. ئورۇسلار ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ئۆچ ئالغان. قورقۇپ كەتكەن  دېھقانلار ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى لىيەنجاڭنى «قانخور چېرنىيوف» دەپ قارغاشقان.

خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: ئېزىز ساۋۇت

**B**

مەن(ئېزىز ساۋۇت) 1959 ـ يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ (ئىلگىرى ناھىيە ئىدى) بەشتۈگمەن يېزىسىغا خىزمەتكە تەقسىملەندىم.

1961 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شۇ يېزىنىڭ دەريا ياقىسىدىكى «ئازاد» باشقۇرۇش رايونىنىڭ قاش بويى كەنتىگە كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ ـ سىنىك سۈپەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات ئېلىشقا كەلدىم. خىزمەت جەريانىدا ئاشۇ كەنتنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكى، ئېگىز، گەۋدىلىك، قوڭۇر يۈزلۈك، بورۇتلۇق، كۆزلىرى يوغان ھەم قىزارغان، ئويناپ پارقىراپ تۇرىدىغان قۇۋانجان ئىسىملىك سۇرلۇك قىياپەتلىك 40 ياشلاردىكى بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. قۇۋانجان سۇرلۇك، ۋەھىمىلىك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مۇلايىم، كەمتەر، خۇشخۇي، چىقىشقاق كىشىكەن. بىر قانچە كۈندىلا چىقىشىپ دوستلىشىپ كەتتۇق. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدىن ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنى سورىدى. قاسساپ ساۋۇتخان دېگەن كىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، ناھايىتى سۆيۈنگەن ھالدا:

—— ۋاي، مەن ساۋۇتخان ئاكام بىلەن قەدىناس دوستلاردىن. مەن ئاقسۇدا ئۇزۇن تۇرغان. ئەسكەر ۋاقتىمدا، دائىم قىسىم ئاشخانىسىغا ئاشۇ ساۋۇتخان ئاكامدىن گۆش ئالاتتىم، ئۆيىگىمۇ كۆپ قېتىم كىرىپ تۇز ـ تائاملىرىغا داخىل بولغان. ياخشى كىشى ئىدى، ـ دېدى. يەنە ئۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئەسكەر ۋاقتىدا ئۆزى كۆرگەن بىر ئىشنى ئەسلەپ بەردى. مەن ئۇ چاغلاردا ياش، تارىخىي ۋەقەلەرگە ئانچە قىزىقمايدىغان بولغاچقا، تەپسىلىي  زىغىرلاپ سوراپ باقماپتىمەن. ئۇ كىشىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن بولۇپ، شۇ چاغلاردىكى تارىخىي

ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن خەۋىرى بار خېلىلا ئوقۇمۇ ـ شلۇق كىشىكەن. ھازىر ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى زىغىرلاپ سورىغۇا ـ لمىغىنىمغا ناھايىتى پۇشايمان قىلىمەن. تۆۋەندە بايان قىلىپ بېرىدىغىنىم قۇۋانجانىنىڭ شۇ چاغدا سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرى (ئېرىز ساۋۇت). (داۋامى بار، ئاغزىمدا تاماكا چىشلەگىلىك، تاماكا كۈللىرى كونۇپكا تاختىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىر ئىككى بىگىز بارمىقىم بىلەن بەكلا ئاستا ئۇرۇۋاتىمەن، ئالدىمدىكى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2012ـ يىللىق مەجمۇئەسى تولا يېپىلىپ ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ).

يەنە مۇشۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەرنى نەقىل قىلىشقا توغرا كەلدى.

«شېڭ شىسەي 1934ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇپ، سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلىرىگە تايىنىپ ھەر خىل ھەربىي كادىرلار كۇرسى ئاچتى. ھەر خىل ھەربىي مەكتەپلەرنى قۇردى. سوۋېتلىك ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىغا، ھەربىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇتقۇچى ـ مەسلىھەتچى بولۇپ ھەربىي تەربىيەلەش پىلانلىرىنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. پىيادە، ئاتلىق، توپچى قىسىم ۋە ئۇلارنىڭ مەشق نىزامىغا بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي نىزامى تەقلىد قىلىندى. 1933ـ يىلى كۈزدە ئاۋئىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1934ـ يىلى قىشتا ژاندارما مەكتىپى قۇرۇلدى. يەنە شۇ يىلى شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى قۇرۇلدى. يۇقىرىقى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار 1936ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ قارىمىقىدىكى شەرقىي شىمال ئارمىيەسى يەرلىك مىللەتلەردىن، خەنزۇلاردىن تۈزۈلگەن تۈمەن، يىگىلارغا ئوفىتسېر قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ ئادەملەر شېڭ شىسەي قوشۇنىدىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن بولۇپ قالدى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ قىسىم 445 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

«شىنجاڭ ئاتلىق قىسىم 2 ـ دىۋىزىيەسى 5 ـ ئاتلىق پولكى جىياۋخەنچى باشچىلىقىدىكى قورالىرى خىل، شتابى مۇكەممەل بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. بۇ پولكىنىڭ يېرىمى خەنزۇ ئەسكەرلەر ئىدى. بۇ پولك ئەسلىدە سۇڭ چىڭلىننىڭ شەرقىي شىمال ئارمىيەسىگە تەۋە بولۇپ، شەرقىي شىمالدا ياپونلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، تەجرىبىسى مول،

جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ئىدى» («ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تەزكىرىسى» دىن).

«1937-يىل 8 -ئايدا شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەرىكەتچان يېڭى ئاقسۇغا كېلىپ، ما خوسەنگە قارشى قويۇلغان، جىڭ يۇڭچىڭ سىلىڭىنىڭ قول ئاستىدىكى تەلىم - تەربىيە 24 - تۇەنىنىڭ 1 - يېڭى گۇڭ زېڭۋەن شاڭشاۋ دۇيجاڭىنىڭ 4-چوڭ ئەترىتى قاراشەھەر گارنىزون سىلىڭى يۈ دىڭشىڭ شياۋجياڭىنىڭ قىسىملىرى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن گارنىزون سىلىڭى شۈڭچىڭلىن قىسىملىرىمۇ ئاقسۇغا توپلاندى. تەلىم-تەربىيە 24-تۇەن تۇەنجاڭى ليۇجىننىشىڭ ئۆزىگە قاراشلىق قىسىم 2 - يىلك شۆبە توپچىلار ئەترىتىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپ، 6 - ئايدا قايتىپ كېتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش رايونىنىڭ شياۋجاڭ ئۇنۋانلىق باش قوماندانى بولدى. ئىلگىرى ئاقسۇدا تۇرغان مۇستەقىل 3-لىيەنمۇ مۇشۇ قوماندانلىققا قوشۇۋېتىلگەنىدى...» («ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تەزكىرىسى» دىن).

«شۇ يىلى 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، جياڭ يۇڭچىڭ، گۇڭ زېڭۋەن،يۈ دىڭشىڭ (كېيىن شۇ يىنجىڭ) سۇڭ چىڭلىن، ليۇجىڭشۇنلەرنىڭ 11 تۇەن 3 يىلك ئەسكەرلىرى ۋە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - لىيەنى. برونېۋىك، ئاپتوموبىل ئەترىتى، تەلىم-تەربىيە ئەترىتى قاتارلىق قىسىملار ئاقسۇغا توپلاندى. ئۇلارغا ئايروپىلان، برونېۋىك، ئات ۋە ترانسپورت ئاپتوموبىلى، نۇرغۇن ئېغىر- يېنىك قوراللار سەپلەپ بېرىلدى»( «ئاقسۇ تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى).

«ئۆزگەرتىلگەن 6-دىۋىزىيە (كېيىن 7- دىۋىزىيە) نىڭ شىجاڭى ماھمۇت مۇھىتى 1937-يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - توم، 467 - بەت).

«ماھمۇت مۇھىتى كېتىپلا 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئابدۇنىياز 6 - شىغا سىلىڭ بولۇپ، خوتەندىكى ما خوسەننىڭ 36 - شىسى بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - توم، 468 - بەت).

«ئابدۇنىياز، ما خوسەنلەر قەشقەر، يەكەن، يەيزىۋات، مارالبېشى، مەكىت ئۈچتۇرپان، كەلپىنلەرنى ئىشغال قىلدى. 5 - ئايدا ئاقسۇغا قىستاپ باردى. يەنە، يېقىن يول بىلەن مېڭىپ كۈچانى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى شايار، كورلىغىچە يېتىپ باردى. ئىگىلىگەن يەرلىرىگە ئادەم قويۇپ ماڭدى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - توم 474 - بەت).

«ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەينىڭ سەپەرۋەر قىلالايدىغان ئەسكىرىي كۈچى ئاران 4500چە بولغانلىقتىن، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغاندى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ توم 475 ـ بەت).

«شىڭ شىسەي كۈچى يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلەيدۇ. 1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇ ۋە كونسىتانتىنوفنىڭ قوماندانلىقىدىكى شاكىر تۆەنجاڭنىڭ ماشىنىلاشقان تۆەنى، 40 ئايروپىلان، 20 برونېۋىكنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۇلۇغچات ـ تورغات ئېغىزىدىن كىرىپ، ئۇلۇغچاتنى ساقلاۋاتقان مەۋلانوف قىرغىز ئاتلىق پولكى، يەنە ئىسھاقبەگنىڭ قىرغىز ـ ئۇيغۇر ئاتلىق پولكى قوشۇلۇپ ئابدۇنىياز، ما خوسەن ئىسيانلىرىنى باستۇرۇشقا ئاتلاندى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ توم، 479 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

«ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزو ـنىنىڭ قوماندانى ليۇبىننى ۋەزىپىسىدىن يۆتكەپ، ئورنىغا قەشقەر ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ سەنمۇجاڭى جىاڭ يۈبىننى مۇۋەققەت قوماندان قىلىدۇ. ليۇ بىننى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ توم 468 ـ بەت).

ئەمدى يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلىپ قۇۋانجان ئاكىنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيمىز. مەن 1936 ـ يىلى شىڭ شىسەيگە قاراشلىق مۇستەقىل ئاتلىق 3 ـ ليەنگە ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندىم. بۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى خوجانىياز ھاجىم بىلەن قۇمۇلدىن بىللە چىققان سالىي دورغا، يەنى كېيىن ماھمۇد شىجاڭنىڭ 6 ـ ئاتلىق دىۋىزىيەسى 1 ـ لۈيىنىڭ لۈيجاڭى سالى لۈيجاڭ ئىكەن. ئاقسۇدا «سالى دوتەي» دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇ 1935 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئاقسۇغا دوتەي بولغان.

شىڭ شىسەي شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى ليۇبىننى قەشقەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ سىلىڭلىقىغا قويغان بولسىمۇ، ئاقسۇدا تېخى گارنىزون ھەربىي ئورگان تەسىس قىلىنماپتىكەن. پەقەت شىڭ شىسەيگە بىۋاستە قاراشلىق مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى بار ئىكەن. جاڭ يۈكچىڭ شاگشاۋ تۆەنجاڭ ئىكەن. بۇ تۆەندىكىلەرنىڭ كۈچى ئىككى لىيەن ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن خەنزۇ يىگىتلەر، ئىككى لىيەن شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ خەنزۇلىرى، 1 ـ لىيەن ئۇيغۇر يىگىتلەر ئىكەن.

يەنە 1933 ـ ۋە 1934 ـ يىللاردا شىڭ شىسەيگە ياللانغان كازاك بىكدىيۇننىڭ قىسملىرىدىن فئودورروۋ شاڭشىياۋ ھەم شارۇماگىن شاڭشىياۋلارنىڭ ساپ كازاك پولكلىرىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، ئاقسۇنى قوغداپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرۇپتىكەن. بۇلار مارالبېشى، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ، كۇچا، توقسۇ، بۇگۇر، كورلا، قاراشەھەر... لەرگىچە تارىلىپ، ھەربىر ناھىيەلەردە بىردىن ليەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇق ئىكەن. فئودورروۋ تۇەنىنىڭ شتابى ئونسۇ ناھىيە بازىرىدا ئىكەن. مىنىڭ ئەسكەرلىككە ئېلىنىشىم مۇنداق سەۋەب بىلەن بولغان، مۇستەقىل ئاتلىق تۇەنگە يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىش زۆرۈر بولۇپ، يېزىلارغىمۇ ئۇيغۇر باللاردىن ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇقتۇرۇشتا باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تەلەپ قىلىنىسمۇ، شۇ چاغدىكى بەشتۈگمەن يېزىسىنىڭ بېگى ئاۋۇتبەگ كونا ئۆستەڭ كەنتىدىكى تاۋار بەگنىڭ ئورنىغا مېنى تۇتۇپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر بولۇپ قالدىم ۋە 3 ـ ليەنگە (ئۇيغۇر ليەن) تەقسىم بولدۇم. قىسمىغا كېلىپلا ئۆزۈن ئۆتمەي كونا خەنزۇ ليەنجاڭنىڭ ئورنىغا 1934 ـ يىلى شىڭ شىسەي ئاچقان «شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى» نى پۈتكۈزۈپ كەلگەن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىن ۋە شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ قالغان گۇاڭدۇڭ ئىسىملىك 30 ياشلاردىكى ساغلام، قاۋۇل، ئېگىز، كېلىشكەن بىر خەنزۇ ئوفىتسېر مەن تەقسىملەنگەن ئۇيغۇر 3 ـ ليەنگە شاڭۋى ليەنجاڭ بولۇپ كەلدى، بۇ 1936 ـ يىل 4 ـ ئاي ئىدى(مەن بەك زېرەك، چاققان، يۈرەكلىك ھەم چىقىشقاق بولغاچقا گۇڭ ليەنجاڭغا ياراپ قېلىپ، مېنى ئۆزىگە فۇگۇەن يەنى مۇھاپىزەتچىھەم ئالاقە خىزمەتچىسى قىلىۋالدى). گۇڭ ليەنجاڭمۇ ئىنتايىن ئوچۇق ـ يورۇق، شوخ، چاقچاقچى، ھەرقانداق ئىشتا ئادىل بىر يىگىت ئىكەن. ياخشى ئىشلىگىنىم ئۈچۈن بىر يىل بولمايلا ئاددىي ئەسكەرلىكتىن جۇشاۋلىققا، ۋەزىپەمنى بەنجاڭ دەرىجىگە كۆتۈردى. ھەربىي مەشق مەيدانىمىز ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى «دولان» خەلق باغچىسىنىڭ ئورنى ۋە يەنە بىرى ساجىڭزىدىكى بىزنىڭ تۇەن ئاچقان تېرىلغۇ، چارۋا بېقىش مەيدانىمىز ئىدى. ھەربىي مەشق ۋە خىزمەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ تۇەننىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم ۋە بىر دانە ئىلغارلىق مېدالىغا ئېرىشتىم. بۇنىڭ ھەممىسى مىللەت ئايرىماي ھەممىگە ئوخشاش، توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان گۇڭ ليەنجاڭنىڭ شاراپىتىدىن بولدى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي، ئىلگىرىكى ئوفىتسېرلار يېزا ـ كەنتلەرگە ئوت ـ سامان،

ئاشلىق، ئوتۇن ـ ياغاچ، ئات ـ چارۋا ئالۋىڭىنى سۈيلەپ چىققاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، ھەربىي تەمىناتقا ئاجراتقان پۇللارنى پۇقرالارنىڭ قولىغا ساق بەرمەي چۆنتەكلىرىگە سېلىپ، بىكارغا مەجبۇرىي ئىشلىۋالاتتى. گۇڭ لىيەنجاڭ ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدى. بۇنداق ئىشلارغا دائىم مېنى بىللە ئېلىپ چىقىپ پۇقرالارنى رازى قىلىپ قايتىپ كېلەتتۇق. قول ئاستىدىكى پەيجاڭ، بەنجاڭلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. شۇڭا، بۇ لىيەننىڭ پۇقرالار ئالدىدىمۇ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. تۇەنبۇمۇ ھەرھالدا شەكىلدە بولسىمۇ گۇڭ لىيەنجاڭدىن رازى ئىدى. 1937ـ يىلىنىڭ بېشىدىلا شېڭ شىسەي سالى دوتەينى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى (كېيىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق). ئورنىغا نىياز دوتەي (نىياز شېرىپى) كەلدى. باشقا ھەربىي قۇرۇلما، كازاك ئەسكەرلەرنىڭ ئورنى ئۆزگەرمىدى. 1937 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قەشقەردىكى 6 ـ ئاتلىق شىنىڭ شىجاڭى ماھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ھىندىستانغا پاناھ ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. 1937ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ماھمۇت سىجاڭنىڭ ئورنىغا 6 ـ شىغا شىجاڭ بولغان ئابدۇنىياز خوتەندىكى ما خوسەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى ۋە خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، پەيزىۋات، مارالۋېشى، ئاۋات، كەلپىن، ئۇچتۇرپانلارنى ئىشغال قىلىپ، كۇچا، توقسۇ ناھىيەلىرىگىچىلىك ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر تەھدىت سالدى. شۇ چاغلاردا مارالۋېشىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان، ئونسۇ ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق فئودورووۋ ۋە مارۇشاگىن كازاك پولكىنىڭ (ئىلگىرىكى باپىنگورد دېگەن كازاك شاڭشياۋىنىڭ پولكى، باپىنگورد بۇرۇنلا شېڭ سىشەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنىكەن) بىر لىيەنى لىيەنجاڭ چېرنىيوف دېگەن كازاكنىڭ مەسئۇللۇقىدا مارالۋېشىنى ساقلاپ ياتقانىكەن (شۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي ھەربىي كۈچىنى يېتىشتۈرەلمىگەنلىكتىن ناھىيە، ۋىلايەتلەرگە ئەسكەر قويۇپ كۈچ تولۇقلىغانىدى). چېرنىيوف ئابدۇنىيازنىڭ مارالبېشىغا قىلغان ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمىدى. قالدى ـ قاتتى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇغا قېچىپ كەلدى ۋە كونا شەھەردىكى (ئونسۇ) فئودورووۋغا قوشۇلدى. ئابدۇنىياز، ما خۇسەنلەرنىڭ ھۇجۇمى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن شېڭ شىسەي قولىدا بار ھەممە قىسىملارنى، ۋىلايەتلەردىكى گارنىزون قىسىملىرىنى، كازاك قىسىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇ ئىسياننى باستۇرۇشقا ئاجراتتى. بارلىق قىسىملار ئاقسۇغا توپلاندى. دوبەن مەھكىمىسىنىڭ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش قوماندانلىق شتابىنى

ئاقسۇغا يۆتكەپ كەلدى. شياۋجاڭ لىۇجىڭشىنى باش قوماندان، شياۋجاڭ جۇجىڭمىيەننى سەنمۇجاڭ قىلدى. يەنە بىزنىڭ مۇستەقىل ئاتلىق تۇەنمۇ جاڭ يۈكچىڭ تۇەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى (مەن بار مۇستەقىل 3 ـ ليەنمۇ قاتناشتى، مەنمۇ قاتناشتىم). كازاك فئودورووۋ تۇەنى تولۇق قاتناشتى. بۇ كازاك تۇەننىڭ ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئۆلكە ئارمىيەمىز قەيەردە جەڭ قىلسا شۇ يەردە ياندىشىپ يۈرۈپ، خەلقئارا كۈچلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆلكە ئارمىيەسى (جۇڭخۇا مىنگو ئارمىيەسى) نىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ جەڭگە قاتناشتى.

يەنە شىڭ شىسەي ئۆزى يالغۇز بۇ ئىسيانىنى بېسىقتۇرالىشىغا كۆزى يەتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالۋۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشتى. ئۇلۇغچات ـ ئەركەشتام چېگراسىدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئايروپلان، بىرونېۋىنىك ۋە ئاتلىق پولكلىرى چېگرادىكى مەۋلانوف قىرغىز ئاتلىق پولكى، قەشقەر چېگراسىدىكى ئۇلۇغچاتنى بېسىپ ياتقان ئىسھاقبەگنىڭ قىرغىز ـ ئۇيغۇر پولكى (بۇلار شۇ چاغلاردا خەلق ئاغزىدا «تۆرتىنچىلەر» دەپ ئاتالغانىدى) يەنە ئابدۇنىيازغا قوشۇلمىغان ئۇيغۇر ئاتلىق 6 ـ شىسىنىڭ 31 ـ تۇەنى ئابدۇنىياز، ما خوسەن ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. بىزنىڭ ليەنمۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىسيانچى قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىپ يۈردۇق. توپىلاشقان، زامانىۋى ھەربىي قورالارغا ئىگە بولغان ھەربىي كۈچ ئالدىدا، ئابدۇنىياز، ما خوسەن قىسىملىرى ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغلىرى يېتىشمەسلىكتەك پايدىسىز شارائىت ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاۋات غورۇچۆلدە ۋە يەكەن، خوتەنلەردە پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. 1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىزنىڭ ليەن ۋە چېرنىيوفنىڭ كازاك ليەنى ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرىنى ئايكۆل يېزىسىن سۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ليەن ياندىش ھالدا مەلۇم مەزگىل ئايكۆلگە ئورۇنلاشتۇق. بىزنىڭ گۇڭ ليەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 3 ـ ليەن يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەتلەشتى. بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئەخلاقسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى. ئەمما چېرنىيوف ليەنىنىڭ كازاكلىرى ھەممىلا يەردە پۇقرالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، قىز ـ چوكانلارغا پوخۇرلۇق قىلىپ بوزەك ئەتتى. بۇنىڭغا گۇڭ ليەنجاڭ چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ، كازاكلارغا ئۆچ ئىدى. ئۇلارنى «ئاق يۈگلۈق ئالۋاستى» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. دوقۇرۇشۇپ قالسا، بۇ ھاكاۋۇر كازاكلارنى كۆزگە ئىلماي تەكەببۇرانە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر قېتىم ماڭا دەپ

بەرگەنىدى.

گۈك لىيەنجاڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇسسورى دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا، رۇسىيە چېگراسىغا تۇتاش بىر كەنتتە ئولتۇراقلاشقان نامرات خەنزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپتىكەن. شۇ چاغلاردا رۇسىيە چېگراسىنى مۇداپىئە قىلىشقا قويىغان كازاك ئەسكەرلەر جۇڭگو چېگرا قاراۋۇللىرىنى كۆزگە ئىلماي، ھە دېگەندىلا چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، تىنچ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان پۇقرالارغا تەپرىقچىلىق سېلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ، خوتۇن ـ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ قېچىپ كېتەتتىكەن. گۈك لىيەنجاڭنىڭ ھاماچىسىنىڭ كىلىنىگىمۇ بىر كازاك ئەسكەر باسقۇنچىلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن. بۇ زومبۇلۇقلار پۇقرالارغا ناھايىتى ھار كەلگەن. گۈك لىيەنجاڭمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئورۇسلارغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىكەن.

يەنە تېخى گۈك لىيەنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمال ئارمىيەسىگە پىدائىي بولۇپ قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇرۇش جەريانىدا شەرقىي شىمال ئارمىيە، يىلك، تۇەن، شى ۋە جۈن... لەر بويىچە رۇسىيە جۇڭگو چېگراسىغا يېقىن يەردە ياپون ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، روسىيە ھۆكۈمىتىدىن پاناھلىق تىلەيدۇ. خەلقئارالىق ئىنسانپەرۋەرلىك مىزانىغا ئاساسەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى پاناھلىق بېرىپ، روسىيە زېمىنىغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن شەرقىي شىمال ئارمىيەسى روسىيە زېمىنىغا كىرگەندە نازارەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئىشەنمە ـ سىلىك نەزەرى بىلەن قوپال مۇئامىلىدە بولىدۇ، مازاقلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، ھەتتا ئۇرۇپ ئازار بېرىدۇ. روسىيە زېمىنىدا ئۇزۇن توختاتماي پويىزلارغا بېسىپ سىبىرىيە ئارقىلىق روسىيەنىڭ يەتتەسۇ (ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى چېگرالىرىنىڭ روسىيە زېمىنى تەرەپ) دائىرىسى ئارقىلىق شىنجاڭ چېگراسىدىن كىرگۈزۈپ شىنجاڭغا تۆكىدۇ. رۇسلارغا قاتتىق ئۆچ گۈك لىيەنجاڭ بۇ خورلۇقلار بىلەن ئۆچلۈكى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى، بىز تېخى ئايكۆلدىن قوزغالمىغانىدۇق، مۇنداق بىر پاجىئە قۇلىقىمىزغا يېتىپ كەلدى.

ئاقسۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق ئايكۆل يېزىسىنىڭ كېمشىلە كەنتىدە ھاپىز ئاخۇن ئىسىملىك 30 ياشلاردىكى قارا قاشلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، قارا بۇرۇت ھەم دېھقانچىلىق ھەم پاپكارلىق قىلىدىغان بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ 25 ياشلارغا كىرگەن ئاق ئۆڭلۈك، ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن ئىرادىخان ئىسىملىك ئايالى بار ئىكەن (بۇ ئايال 1975 ـ يىلى 61 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى، بالا

- نەۋرىلىرى ھېلىھەم ھايات). شۇ كۈنى چۈش ۋاقتىدا ھاپىزئاخۇن ئېتىزلىقتا قوناقلارنى يوقلاش كېتىپ قالىدۇ، ئىرادىخان ئۆيدە ئىگىرگەن يىپلارنى پاتلاپ ئولتۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز ھويلا دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ - دە، قوراللىق 3 كازاك ئەسكەر كىرىپ كېلىدۇ. ھويلا - ئارامنى تىمىسقىلاپ «ئىسيانچىلار بارمۇ - يوق؟!» دېگەن مەنىدە ۋارقىرىشىدۇ. غەيرى تىللىق ۋە غەيريي قىياپەتلىك ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ساددا دېھقان ئايالى، بۇ قوراللىق ئورۇسلاردىن قورقۇپ كېتىدۇ، گەپ - سۆزسىز ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ. ئۆيدە بىر ئايالدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەن كازاكلار نىيەتلىرىنى بۇزۇپ ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھاپىز ئاخۇن ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ قالىدۇ - دە، ئىشىك بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قوراللىق كازاكلارنى كۆرۈپ، غەزىپى تاشقان ھالدا ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولىدۇ، لېكىن يالغۇز كېلىپ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، كازاكلار مىلتىق بىلەن ئۇرۇپ تېپىپ تۈۋرۈككە باغلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئىشىكنى بۇزۇپ، قوراللىرىنى بىر چەتكە ئېغىل تېمىغا يۆلەپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ ئىرادىخاننى زورلۇق بىلەن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، ئېرىگە قارىتىپ قويۇپ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ھاپىزاخۇن غەزەپىنىڭ كۈچى بىلەن باغلاقتىن بوشىنىپ، قورالسىز كازاكلارنى قوغلاپ يۈرۈپ كەتمەن بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق كۈتمىگەن قارشىلىقتىن مەڭدەپ كەتكەن كازاكلارنىڭ تاشلاپ قويغان قوراللىرىمۇ ئېسىگە كەلمەيدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆزلىرىمۇ قورقۇپ كېتىشىپ ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقە پۈتكۈل ئايكۆل يېزىسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان گۇڭ لېيەنجاڭ قاتتىق خۇشال بولۇپ ھاياجانلانغان ھالدا:

ـــ ئوغۇل بالىكەن! ياخشى، بەك ياخشى ئىش قىپتۇ! ئۇلار ئاشنى ھالاللاپ يېگەنلەردىنكەن! بۇ زومىگەر ئەجنەبى ئورۇس ئالۋاستىلىرىنىڭ ئەدىپىنى ئاشۇنداق بېرىش كېرەك! ئۇيغۇرلار جاسارەتلىك خەلق! - دەپ ئالدىدىكى جەڭچىلەرگە سۆزلەپ كەتتى. ئارقىدىنلا رىشىت دېگەن ئۇيغۇر ئەسكەر چىراي تاتارغان ھالدا پالاقشىپ كىرىپ كەلدى - دە ھولۇقۇپ دوكلات قىلدى:

ـــ گۇڭ لېيەنجاڭ بولمىدى، ئىش چاتاق بولدى! چېرنىيوف دېگەن كازاك ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ئۇششاق بالىلارغىچە پۈتۈن بازار ئاھالىلىرىنى قوراللىق يالاپ ئېلىپ كېلىپ، ئايكۆل مەۋلانەم مازىرىنىڭ چوڭ خانىقا ئالدىدىكى بازار رەستىسىگە توپلاۋاتىدۇ،

ئۆلتۈرگۈچنى تېپىپ بەرمىسە پۇقرالارنى قىرغىن قىلىدىكەن! ـــ دېدى.
ـــ جىددىي ھالەتكە كارناي چال! ـــ دېدى گۇۋ لىيەنجاڭ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا قەيسەر ئىرادىگە كېلىپ، ـــ پۈتۈن لىيەن ئېغىر ـ يېنىك قورالالار بىلەن قوراللىنىپ ئاتلىنىپ، ئاھالە ۋە مەسچىتنىڭ ئۆگزىلىرىگە يامىشىپ چىقىپ ئەتراپنى قامال قىلسۇن. نىشان كازاكلار، ئۇلار ئىشنى چەكتىن ئاشۇرسا ئوققا تۇتۇلسۇن!
كارناي چېلىندى، لىيەنىمىز قوراللىنىپ ئاتلىنىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە بازارنى ئۆگزىلەر ۋە يەردىن قامال قىلىپ قورالالارنى ئوق بېسىپ بەتلەپ ئېتىشقا تەييار بولدى.
چېرنىيوف مۇنداق تېز ۋە تۇيۇقسىز قارشىلىقنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ۋە خالىغانچە زومىگەرلىك قىلالايمىز، دەپ ئويلىغان، كازاكلارمۇ ھاكاۋۇر ـ بىغەم ھالدا تۇرۇۋشقانىكەن. ئۇلار ھودۇقۇپ كېتىشتى. ئاڭغىچە گۇۋ لىيەنجاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چېرنىيوفنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە مېنى تەرجىمانلىققا سېلىپ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتتى. چېرنىيوف ئېگىز، گەۋدىلىك، سېرىق، شاپ بۇرۇت، 40 ياشلاردىكى كازاك ئىكەن. ئۇ، شىنجاڭغا 1920 ـ يىلى ئاليانكوف، دۇدوۋ، باچىچ... لارغا ئەگىشىپ كەلگەن. ئىلىدا ئۇزۇن تۇرۇپ يەرلىك قازاق، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەنىكەن. مەن گۇۋ لىيەنجاڭنىڭ قېشىدا يۈرۈپ خەنزۇچە ئۆگىنىپ راۋان سۆزلىيەلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدىم.
ـــ ھەربىكىتىڭىزنى توختىتىڭ! ـــ دەپ بۇيرۇق قىلدى گۇۋ لىيەنجاڭ غەزەپلىنىپ ئالدىدا ھاكاۋۇر گىدىيىپ تۇرغان چېرنىيوفقا مىقتەك تىكىلىپ، ـــ ئۆزىڭىزنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ماۋۇ دېگەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ زېمىنى! بۇلار جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۇقرالىرى، جۇڭخۇا مىنگولۇقلارنى پەقەت جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇنىلا، جۇڭخۇا مىنگولۇقلارلا سوراق قىلالايدۇ. ئەگەر گەپكە قۇلاق سالماي زوراۋانلىقنى داۋام قىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىسىز! كۆردىڭىزمۇ ئۆگزىدىكىلەرنى!....
چېرنىيوف ئۆگزىگە قاراپ، قولرالاردىن ئوق چىقىرىشقا تەييار بولۇپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىزنى كۆردى ـ دە، ھولۇققان ھالدا:
ـــبۇلارنىڭ ئادەملىرى، بىزنىڭ ئۈچ ئەسكىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى،ـــ دېدى چېرنىيوف پەسكارغا چۈشۈپ.
ـــ خوپ بوپتۇ! ـــ گۇۋ لىيەنجاڭ قىلچە بوشاشماستىن سۆزلەپ كەتتى، ـــ باشقىلار سىزنىڭ خوتۇنىڭىزنى ياكى قىزلىرىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزدا ۋە سىزنى باغلاپ

قويۇپ باسقۇنچىلىق قىلسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ «بىز ئۆلكە ئارمىيەسىگە ياردەملىشىپ، ئىسيانلارنى باستۇرۇشۇپ بېرىۋاتىمىز!» دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، جۇڭخۇا مىنگو زېمىنىدىكى پۇقرالارغا خالىغانچە زومبۇلۇق قىلىشىڭىزغا يول قويۇلمايدۇ. بۇلار ئىسيانچىلار ئەمەس، تىنچ جۇڭخۇا مىنگو پۇقرالىرى، ۋەتىنىڭىزنى تاشلاپ جۇڭخۇا مىنگو زېمىنىدا پانا تېپىپ، جۇڭخۇا مىنگو پۇقرالىرىنىڭ ئاش - ئوزۇقلىرىدا قورساق تويغۇزۇپ سەمرىپ، ئەمدى زومبۇلۇق قىلسىڭىز بولامدۇ؟ جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇنىغا، ھەربىي ئىنتىزامغا بويۇن سۇنۇپ ئەخلاقلىق، پۇقرالارنى ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ھەربىي بولۇڭ! ئىسياننى تىنجىتىشتا يۇقىرىقى شەرتلەرگە بويۇن سۇنۇپ تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشىڭىزغا رۇخسەت، قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سىز دېگەن ئەجنەبى، ماۋۇ دېگەن جۇڭخۇا مىنگو زېمىنى، قەدىمىڭىزنى بىلىپ بېسىڭ! ئەسكەرلىرىڭىزنى قايتۇرۇڭ!

گۇڭ لىيەنجاڭ بۇياقتا ماڭار چاغدا، بىر ئەسكىرىمىزنى تۇەن شتابىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا ئالاقىچى قىلىپ ماڭدۇرغانىدى. تۇەن شتابى دەرھال ئاقسۇدىكى دوبەن مەھكىمىسى شتابىغا، ئايكۆلدىكى جىددىي ھالەتتىن خەۋەردار قىلىپ تېلېگراما يوللىغان. قوماندانلىق شتاپ دەرھال فئوودورروۋ بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈز بەرگەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، كازاك ئەسكەرلىرىنى تىنجىتىش بۇيرۇقى بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. فئوودورروۋ جىددىي ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قورقۇپ چېرنىيوفقا:«بولدى قىلىپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشنى، يەرلىك ئاھالىلەرگە تەگمەسلىكنى، ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى» بۇيرۇپ تېلېگراما ئەۋەتكەن. دەل بىز مۇنازىرىلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىر كازاك ئەسكەر بىر پارچە قەغەزنى (تېلېگراممىنى) چېرنىيوفقا ئەكېلىپ تاپشۇردى. ئوقۇپ كۆرۈپ چىرايى قارىداپ كەتتى ۋە رۇسچىسىغا بىر نېمە دەپ كايىپ (تىللىدىغۇ دەيمەن) ئاندىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ساللىيىپ قايتىشتى. ئۇيغۇر پۇقرالىرىمۇ بىر - بىرلەپ كېلىپ گۇڭ لىيەنجاڭغا كۆز يېشى قىلىپ رەھمەتلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ قايتىشتى. بىزمۇ غەلىبىلىك ھالدا چوشكونخانىمىزغا قايتتۇق.

پۇقرالار بىز ئايكۆلدىن كەتكۈچىلىك ئۈزلۈكسىز توپ - توپ ھالدا توخۇ - تۇخۇم، ئاشلىق - ماي، گۆش - چارۋا، ئوتۇن، بېدە - سامانلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆڭۈللىرىنى بىلدۈرۈشتى. گۇڭ لىيەنجاڭنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئالاھىدە سوۋغاتلار بىلەن كۆڭۈل بىلدۈردى. ئۇ شۇنداق قىلىپ كازاكلارنىڭ بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقىنى توسۇپ قالدى. گۇڭ لىيەنجاڭ چېرنىيوفنىڭ تۈپۈقسىز ئۆچ

ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەتراپقا پوست قويۇپ ھوشيار تۇردى. چېرنىيوف ۋە كازاك پولكى قايتا ئەسكىلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى.

1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسيان بېسىقتۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى يېغىلىقلار ئاساسەن ئاياغلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت سۈرۈش دەۋرى باشلاندى. ئۇ ھەربىي قىسىملىرىنى قايتىدىن تەشكىللىدى.

شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى سۇڭ چىڭلىن ئاقسۇ گارنىزون سىلىڭى بولدى، گۇڭ لىيەنجاڭمۇ شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىدىن بولغاچقا، سۇڭ چىڭلىن بىلەن بىۋاستە تونۇش ئىدى. گارنىزون مۇھاپىزەت لىيەنى قۇرۇلغاندا ئۇنى شىياۋشياۋ (مايور) ئۇنۋانى بىلەن بۇ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭلىقىغا ئەپكەلدى. بۇ لىيەندە ئۆيغۇر ئەسكەرلەر ئاز، كۆپى خەنزۇ ئىدى. گۇڭ لىيەنجاڭ مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئاشۇ مۇھاپىزەتچىلەر روتىسىغا ئېلىپ چىقىپ شىياۋۋېي ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈپ، مۇھاپىزەت 2 ـ پەيىگە پەيجاڭ قىلدى. بۇ خىزمەتنى 1939 ـ يىل 7 ـ ئايلارغىچە ئۆتىدىم.

دەل شۇ ئايدا سۇڭ چىڭلىن سىلىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىلدى (كېيىن ئۇنى شېڭ شىسەي تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ـ دەپ ئاڭلىدۇق). ئۇنىڭ ئورنىغا خۇاڭ خوچىڭ گېنېرال ئاقسۇغا ۋالىي ھەم گارنىزون سىلىڭى بولۇپ كەلدى (ئاڭلىساق، ئۇ كىشى ئەسلىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىكەن). گۇڭ لىيەنجاڭنى شېڭ شىسەينىڭ قولىدىكى شىنجاڭ ئۇرۇمچى گارنىزونىغا، گارنىزون مۇھاپىزەت يىڭىنىڭ جۇڭشاۋ ئۇنۋانلىق يىڭجاڭى قىلىپ يۆتكىدى. ئۇ، مېنىمۇ يەنە ئۇرۇمچىگە سۆرەپ ئېلىپ باردى. جۇڭۋېي ئۇنۋانىدا گارنىزوننىڭ خاس فۇگۇەنلىرىدىن بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىدىم. 1945 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئىچكىرىگە ــ مەركەزگە يۆتكىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى. ئورنىنى گومىنداڭنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە گومىنداڭ قىسىملىرى ئىگىلىدى. گۇڭ لىيەنجاڭمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولدى. يۆتكىدىمۇ ياكى نېمە بولدى ئۇقالمىدىم، دىدارلىشالمىدۇق. قايتا ئۇچراتمىدىم. مەن بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان ھەربىي بولغاچقا، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون شتابىمۇ باشقىچە قارىماي، داۋاملىق گارنىزون سىلىڭبۇ شتابىدا قالدۇرۇپ ئىشلەتتى. مېنى «يەرلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيدۇ» دەپ قاراپ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىگە سالدى. قولۇمدىن كەلگەن ئىشلار بىلەن پالاقشىپ يۈردۈم.

1947 ـ يىلى 9 ـ ئايلاردا مەسئۇت ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولدى. ئوغلى ئەرتوغرۇل ئىچكىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ،

ئۆلكىلىك سەنىيخۇي (پالاتا، قۇرۇلتاي كومىتېتى) دا مۇھىم خىزمەتكە قويۇلغانىكەن. ئۇ، ئۆزىگە باتۇر، تەمكىن، زېرەك، ھەربىي تەلىم كۆرگەن، ھەربىي ماھارىتى ياخشى بىر ئۇيغۇر مۇھاپىزەتچى تەلەپ قىلغانلىقتىن، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون شتابى ئىزدەپ، سوراپ، تاللاپ مېنى لايىق تېپىپ، ئەرتوغرۇلغا خاس مۇھاپىزەتچى قىلىپ چىقىرىپ بەردى. بۇ چاغدا سۇڭ شىليەن گارنىزوننىڭ ئىشلىرىنى كونكرېت باشقۇراتتى. مەسئۇت ئەپەندى ۋە ئەرتوغرۇللار شىنجاڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تەرەپنىڭ ۋە ئۆلكە خەلقىنىڭ نارازىلىقىنىڭ بېسىمى بىلەن 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدى، بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى، ئەرتوغرۇلمۇ ۋەزىپىسىدىن قېلىپ، باشقا خىزمەتلەرگە ئىشلىتىلدى (ئەرتوغرۇل شىنجاڭ ئازاد بولغاندا قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇدىكى «قورول دۆڭ» تۈرمىسىدە ئۆزگەرتىلدى. 1970 ـ يىللاردا جازا مۇددىتى توشۇپ ئۆزگىرىپ، تۈرمە ئورگىنىنىڭ مائاشلىق خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لىق ئۈن خالتىسى بېسىلغان، تۆت ئاتلىق پىكىلۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تۈرمە ئاشخانىسىغا ئۈن ئېلىپ كېتىۋېتىپ ھارۋا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۈن خالتىلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ زەخىملىنىپ ئۆلۈپ كەتتى). ئازادلىقنىڭ ھەرپىسىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە، ماڭا قارايدىغان ئادەم ۋە ئورگانمۇ يوق. فۇگۇەنلىك ۋەزىپەم ئۆزلۈكىدىن قېپقالدى. ھەر كىم ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە تىنەپ يۈردۇم. قارىسام قورالىق ھەربىي خىزمەتتىنمۇ زېرىكىپتىمەن. يۇرتنى، ئاتا ـ ئانام، دوستلىرىمنى سېغىنىپتىمەن، «بولدىلا!» دەپ قول سىلكىپ، پەشنى قېقىپ ھېچكىمگە تىنمايلا ئاقسۇ بەشتۈگمەنگە كېلىپ دېھقان بولۇپ كەتتىم.

## ئابدۇللا ئەيسا بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى

ئابدۇللا ئەيسا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار زىيالىيسى. ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىفەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئابدۇللا ئەيسا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ، باللىق، ئۆسمۈرلۈك

دەۋرنى كەلپىندە ئۆتكۈزگەن. بۇ، ئابدۇللا ئەيسا بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت ئەسلىمىسى. مەرھۇم 2001ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ـــ ئېزىز ساۋۇت

ئابدۇللا ئەيسا ئەسلەپ شۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاكام ئەھەت ئەيسا 1934ـ يىلى ماھمۇد شىجاڭلار (ماھمۇت مۇھىتى) ئاقسۇدىن ئۆتكەندە ئەسكەر بولۇپ قوشۇلۇپ، ماھمۇت شىجاڭنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانىدى. كېيىن قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ 33 ـ پولكىدا (3 ـ پولك) پولات تۇەنجاڭنىڭ قولىدا يىگىسالاردا تۇرغانىكەن. ئاكامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا كەلپىندىن ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ 30 دەك يىگىت ئەسكەر بولۇپ كېتىپتىكەن.

1936 ـ يىلى ئەتىيازدا كەلپىندىن بارغان يىگىتلەر قاتتىق ھەربىي تۇرمۇشقا كۆنەلمىدى، قورالى ۋە ئاتلىرىنى ئېلىپ كەلپىنگە قېچىپ كېلىپ دېھقان بولۇۋالغانىدى. 6ـ دىۋىزىيە شتابىدىن ئاقسۇدىكى سالى دوتەيگە (سالى دورغا) قېچىپ بېرىۋالغانلارنى تۇتۇپ ئات، قوراللىرى بىلەن قىسمىغا ماڭدۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەن. سالى دوتەي ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ ئاكام ئەھەت ئەيسا باشلىق ھەممە قاچقۇنلارنى قورال، ئاتلىرى بىلەن تۇتۇپ قامىدى. ئاتا ـ ئانىلىرى يۇرت چوڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۇل خەجلەپ ئۇلارنى تۈرمىدىن ئازاد قىلدۇردى. لېكىن ھەممىسىنى ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە يەنە ئەسلىدىكى قىسمىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئاكامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە 1936ـ يىلى كۈزدە ماھمۇت شىجاڭ يىگىسالاردا پولك جەڭچىلىرىنى يىغىپ، ئۆزى بىر دۆڭدە تۇرۇپ كاتتا نۇتۇق سۆزلىگەن. ھەربىر سۆز ئارىلىقىدا جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئامىن، ئامىن!» دەپ چۇقان سېلىشىپ، قەيسەر ئىرادىلىرىنى بىلدۈرگەن. نۇتۇق تەسىرلىك، يىغىن ھەيۋەتلىك ۋە كاتتا بولغان. يىغىندىن كېيىن كاتتا ھەربىي پارات بولغان. پاراتتا بارلىق جەڭچىلەر ھەيۋەت بىلەن مىلتىقلىرىنى باشلىرىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئامىن!» دەپ تۇۋلىشىپ ئۆتكەنىكەن. 1934ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ماھمۇد سىجاڭ شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھىندىستانغا چىقىپ كېتىش ئالدىدا 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ 33 ـ، 34 ـ پولك باشلىقلىرىنى ۋە بارلىق ئوفىتسىر ـ جەڭچىلەرنى يىغىپ، بىر دۆڭدە ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئۇ:

ـــ ھازىر مەن ئۇچۇن ۋەزىيەت خەتەرلىك بولماقتا. شۇڭا چەتكە كېتىپ بارىمەن.

ئىككى يىلدىن كېيىن مەن چەتتىن قورال ـ ياراغ ئېلىپ قايتىپ كېلىپ قايتا كۆتۈرۈلۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى زۇلۇم ـ ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرىمىز. شۇڭا ئۆزۈڭلارنى مۇستەھكەم تۇتۇپ، ھەربىي مەشىقنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تەربىيەلىنىڭلار! ئىتتىپاق بولۇڭلار! قورالنى قەتئىي چىڭ تۇتۇڭلار!... —— دېگەن. ئاندىن ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ، پۇتون جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ ئىشتىراكىدا 6 ـ دىۋىزىيەگە مۇۋەققەت قوماندان سايلىغان. سايلامدا جەڭلەردە سىنالغان ئاتاقلىق پولكوۋنىكلار، لىيەنجاڭلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، تۆەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، جەڭچىلەر ھېچكىمنى سايلىماي، توقسۇنلۇق ئابدۇنىياز كامال دېگەن لىيەنجاڭنى سايلىغان. نەتىجىدە ئابدۇرۇسۇل نىياز كامال(ئابدىنىياز كامال) 6 ـ شىغا مۇۋەققەت شىجاڭ بولغان.

1938 ـ يىلى مەن(ئابدۇللا ئەيسا) 8 ياشلاردا ئىدىم. شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى بىلەن كەلپىنگە كېلىپ 10 كۈندەك تۇردى. پۇقرالار بەك قىزغىن قارشى ئالغانىدى. نېمە بولدى، تۇيۇقسىزلا ئابدۇنىياز قىسىملىرى چېكىنىپ كەلپىندىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئورۇس، قىرغىز ئەسكەرلەر كېلىشتى، ئورۇسلار يۇرت ئىچىدىكى پىسەندى ـ مۇناپىقلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن «ئىسيانچىلارغا ئۆي ـ ماكان، ئاش ـ ئوزۇق بەرگەن» دېگەن تۆھمەت ـ گۇناھلارنى ئارتىپ يۇرت چوڭلىرىدىن ھاشىم بەگ، ئىبراھىم خاڭتۇ، ئابدۇل مىراپ... قاتارلىق كىشىلەرنى ساي ياقىسىغا ئېلىپ بېرىپ چېپىۋەتتى.

يەنە شۇ چاغدا بىر لىيەندەك ئورۇس ئەسكەر يۇرت ئىچىدىكى ياش قىز ـ چوكانلارنى توپلاپ ھايداپ قىپيالىڭاچ قىلىپ كەنت ئىچىدىكى جامائەت سۇ ئىچىدىغان چوڭ كۆلدە سۇغا چۈشكەن، جامائەتنىڭ كۆزىدە قىز ـ چوكانلارغا باسقۇنچىلىق قىلىشقان، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى باشقا بالىلارغا قېتىلىپ كۆرگەنىدىم. بۇ ئەخلاقسىز زوراۋانلىقلارغا نارازى بولۇپ، غەزەپلىنىپ گەپ قىلغانلاردىن ھامۇت ئۇشتىگەر، ئەمەت بوياقچىلارنى ئېتىۋەتكەنىدى.

بىر كۈنى ئۈچ ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ كەلپىننى ئەگىدى. بىرسىنىڭ ماي تۇگەپ كېتىپتىكەن، يەرگە قوندى، لېكىن تورمۇزنى تۇتالماي غىلدىرلاپ ماڭغىنىچە، كەلپىننىڭ جەنۇبىدىكى ساي ياقىسى بىلەن بېرىپ تاغقا ئۇسۇپ توختاپ قاپتىكەن. قالغان ئىككى ئايروپىلان ئەگىپ كېتىپ قالدى. كەلپىندىكى چوڭ ـ كىچىك كىشىلەر، ئەر ـ ئاياللار، ئۇششاق بالىلار (مەنمۇ بار)، ئىلگىرى

ئايروپىلان دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا قىزىقىپ، توپ ـ توپ ھالدا بېرىپ كۆردۇق. تۇمشۇقى ماكچىيىپ كېتىپتۇ. باشقا چوڭ زەخىملەنمەپتۇ، كېيىن ئورۇس تېخنىكلار كېلىپ ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىغا ئارغامچا ـ توشۇكلارنى باغلاپ، جامائەتكە سۆرۈتۈپ، تاغدىن ئاجرىتىپ سايغا ئېلىپ كەلدى. مەنمۇ بالىلارغا قوشۇلۇپ، قىن ـ قىنىمغا پاتماي خۇشال بولغان ھالدا ئايروپىلاننى سۆرۈشۈپ بەرگەنىدىم. تېخنىكلار ماكچايغان تۇمشۇقنى سەندەل ۋە بولقا ـ بازغانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇرۇپ ـ تۈزلەپ ئەسلىگە كەلتۈردى. بىر ماشىنىدا ماي ئېلىپ كېتىپ كەپتىكەن، ئايروپىلانغا قاچىلىدى. ئاندىن جامائەتكە، ئايروپىلاننىڭ شامال پىلدىرلىغۇچىنى ئارغامچىلار بىلەن باغلاپ تارتقىلى قويدى. مەنمۇ قىن ـ قىنىمغا پاتماي خۇشال بولۇپ تارتىشىپ بەردىم. بالىلارغا ئويۇن بولۇپ بەرگەنىدى. بىر ئورۇس تېخنىك بىز ئارغامچىلارنى تارتىۋاتقاندا، ئورۇسچە «ئەدىن، دۋۋا، تىرى...» دەپ ساناپ تۇرغانىدى. تېز ئوت ئالماي بىر سائەتچە ئاشۇنداق تەكرار ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئوت ئالدى. سايدا ئازراق ماڭدۇرۇپ سىناق قىلىپ كۆرۈپ ئاندىن ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئايروپىلان كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، قەشقەر تەرەپتىن بىر دانە زەرەھلىك تانكا (ئۈستى تۆمۈر قاپقىلار بىلەن قاپلانغان رېزىنكە چاقلىق تانكا ـ بىرونېۋىك) كەلپىنگە كىردى، ھەيدەپ كەلگەنلەر شوپۇر، ئەسكەر، كوماندىرلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىكەن. بۇلار شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيەسىدىن ئىكەن. كەلپىندىكى قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ۋە بالىلار كۆرگىلى كېلىپ ئولىشىۋالدۇق. ئېگىز ـ ئورۇقراق خەنزۇ كوماندىر خەنزۇ تىلىدا بىزگە شۇنداق دېدى:

ــــ ئەيىيا، زىۋازا (ئابدۇنىياز قىسىملىرىنى دەيدۇ) تەيي لى خەيدىخىن! ــــ دەپ ئۈزۈن كالدىرلاپ كەتتى ۋە بىرونېۋىكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن رېزىنكە چاقلارنىمۇ كۆرسەتتى. قارىساق ساپلا ئوق ئىزلىرى بار ئىكەن. پولات قاپقىلارنى تېشىپ ئۆتەلمەپتۇ. چاقلارنى تېشىۋەتكەن ئوخشايدۇ. چەملەپ ـ يەملىگەن يېرى تۇرىدۇ. ھېلىقى خەنزۇ كوماندىر گېپىنى داۋام قىلىپ يەنە شۇنداق دېگەنىدى:

ــــ زىۋازا تەيي لى خەيدىخىن. ۋومىندىكى يىگا جەنسىنى جىگادىفاڭ چاڭبىلا، جەنسى سىلا، تامادى... ـ دەپ تىللىدى ھەم بىرونېۋىك زەمبىرەكنىڭ ئۈستىدىرەك پىلىموت بار ئىكەن، پىلىموت سىپىي چىقىپ تۇرغان تۆشۈكنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن ئابدۇنىيازنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ بىرونېۋىككا

ئۇچرىغاندا قاچماي شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇرغانلىقى، كار قىلمىغاندىن كېيىن، پىلىموت سىپى چىقىپ تۇرغان تۆشۈككە قارىتىپ ئېتىپ، شوپۇرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇق.

ئاكامنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇنىيازنىڭ قىسمىلىرى كەلپىندىن چېكىنىپ ئايكۆلگە كېلىپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاقسۇ شەھىرى تەرەپتىن ئۈچ ماشىنىدا شېڭ شىسەينىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى (ھەممىسى خەنزۇلار ئىكەن) ئايكۆلگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ئاكام بار ئىسيانچىلارنى ئايكۆل يېزا بازار ئىچى ئېغىزىدا يول توسۇپ ماشىنىلارغا ئوق ياغدۇرغان، ئۇلار ماشىنا ئۈستىدە تۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئاكاملار ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ چاقىغا ئېتىپ يېلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ماشىنا ئالدىغا ماڭالماي قالغان. ئاشۇ ماشىنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ كەتكەن (40 چە ئادەم). قالغان ماشىنىلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئاكاملار ماشىنا ۋە قورال ـ دورىلارنى ئولجا ئالغان. بۇ ئىشتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورۇسلارنىڭ ئايروپىلانلىرى ئايكۆل بازىرىنى قارا ـ قويۇق بومباردىمان قىلغان. نۇرغۇن ئۆيلەر، باغ ـ ۋاران، ئېتىزدىكى زىرائەت، مال ـ چارۋىلار ۋەيران بولغان. بىر بۆلەك ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ۋە كىچىك باللار ئۆلۈپ يارىلانغان. ئابدۇنىياز ئاكتىپ مۇداپىئە ئورۇشى تەشكىللەپ قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئاتاقلىق مەرگەنلەرنى تەشكىللەپ ئېگىز تېرەكلەرگە چىقىرىپ، بومباردىمان قىلىۋاتقان ئايروپىلانلارغا ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئاتقان (ئايروپىلانلار بەش ئىكەن). ئاكامۇ ئايكۆل بازىرى ئىچىدە بىر يوغان تېرەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئاتقان ئىكەن. نەتىجىدە بىر ئايروپىلانغا ئوق تېگىپ قارا ئىس چىقىرىپ لەپەڭشىگەن پېتى ئاۋات ناھىيە دائىرىسىدىكى كۆك يانتاق دېگەن يەرگە چۈشۈپ كۈم بولغان. ئاكام «ئوقىمىز تۈگەپ كېتىپ ئاخىرى ئاۋاتقا چېكىنىپ، غورو چۆلدە ئۇرۇشتۇق، ئاندىن شۇ يەردە تارمار بولدۇق، تارىم ـ خوتەن دەرياسى قوشۇلىدىغان يەردە كۆپ ئەسكەرلىرىمىز ئۆلۈپ، بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشتى. بىزنىڭ لىيەنمۇ ئەسىرگە چۈشتى. ئوفىتسېرلارنى ئايرىۋالدى، نېمە قىلدى ئۇقمىدۇق، ئادەتتىكى جەڭچىلەرگە پۇل، كىيىم بېرىپ قايتۇردى، كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ دېھقان بولۇپ كەتتۇق»

ئابدۇللا ئەيسا ئەسلەپ شۇنداق دېگەندى. 1934 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، خوجا نىياز ھاجىم ۋە ماھمۇت مۇھىتىنىڭ سەپداش ـ قوماندانلىرىدىن نىياز شېرىپى (نىياز دوتەي) ۋە سالى دورغا (سالى دوتەي) لەر

دوتەي (ۋالى) بولدى. ھەر ئىككىلىسى 1936 ـ ۋە 1937 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلىپ يوقىتىلدى. ئورنىغا سۇڭ سىلىڭ (سۇڭ چىڭلىن) ۋالى (دوتەي) ھەم ئاقسۇ گارنىزونىغا سىلىڭ بولدى، بۇ چاغدا مەن ۋىلايەتلىك سىفەننى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچىدىكى ساقچى مەكتەپتە ئوقۇشقا كەلگەنىدىم. 1939 ـ يىلى سۇڭ سىلىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلىپ ئورنىغا خۇاڭ خۇيچىڭ گېنېرال ۋالى ھەم گارنىزون سىلىڭ بولۇپ كەپتۇ. 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسەم بار ئىكەن. بىزنىڭ خىزمەت تەقسىماتىمىزغا قاتنىشىپ نازارەت قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئەسلىدە خۇاڭ خۇيچىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىكەن، ھەربىي فورمىنى پاكىز، رەتلىك كىيىپ، تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، شەپكىسىنى قىرلاپ، ئۆتۈكىنى پارقىرىتىپ، سۆلەتلىك يۈرىدىغان گەپ ـ سۆزلىرى ئوچۇق ـ يورۇق خۇشخۇي ئادەم ئىدى.

—— ئېزىز ساۋۇت

## تۆرە ئەپەندى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسى

تۆرە ئەپەندى كەلپىن ناھىيەسىدىن، ھازىر 88 ياش ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى. بۇ بىر قېتىملىق ئاغزاكى سۆھبەتنىڭ خاتىرىسى.

—— ئېزىز ساۋۇت

ئابدۇللا ئەيسانىڭ ئاكىسى ئەشەت ئەيسانىڭ ئەسكەر بولغىنى راست، مېنىڭ ئىنىم ئابدۇرېھىممۇ 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇنىياز كەلپىنگە كەلگەندە كۆپچىلىك ياشلارغا قوشۇلۇپ ئەسكەر بولغانىدى، ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى دېھقانلارنىڭ باغلىرىغا چۈشكەن، ئابدۇنىياز بولسا يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىبراھىم خاكتۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن، مەن (تۆرە ئەپەندى) شۇ چاغدا 8 ياشلاردا ئىدىم، ئابدۇنىياز ئىبراھىم خاكتۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە، فۇگۇەن يازلىق ئاشخانا ـ ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى توسما بالداق ياغاچقا قونۇپ ئولتۇرغان پاختەكنى سوقۇۋېتىدۇ. ئابدۇنىيازمۇ ماھارەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ قولىغا مىلتىق ئېلىپ،

ئىبراھىم خاگتۇنىڭ 10 ياشلىق ئوغلىنىڭ بېشىغا چىنە قويۇپ ئېتىپ چۈشۈرۈپ ماھارەت كۆرسەتكەندى.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوۋېتنىڭ ئورۇس، قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن «تۆتىنچىلەر» دېگەن قوراللىق قىسىملىرى ئۈچتۇرپان قاقشال يولى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كەلپىنگە كىرگەندە، ئابدۇنىياز قىسىملىرىنى كەلپىندىن چېكىندۈرۈپ ئايكۆل، ئاۋات تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كەلپىندىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ۋە كىچىك بالىلارمۇ كۆرگەنىدۇق، ئورۇسلار «ئىسيانچىلارغا يان تاياق بولدى» دەپ كەلپىننىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن ھاشىم بەگ، ئىبراھىم خاگتۇ، ئابدۇل مىرابلارنى ساي ياقىسىغا ئاپىرىپ يامغۇر سۇيى ئاققان ئېقىن ئىچىدە قىلىچ بىلەن چېپىۋەتتى. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ باللىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى جەسەتلەرنى مەھەللە ئىچىگە ئېلىپ كىرىشكە پېتىنالماي، ئورۇسلار كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يۇراپ چىرىپ كەتكەن، بۇرىلەر تارتقۇشلاپ زىدە قىلغان جەسەتلەرنى مەھەللە ئىچىگە ئەپكىلىپ دەپنە قىلغانىدى. ئابدۇنىيازلارنى قوغلاپ كەتكەن ئورۇسلارنىڭ بىر ئايروپىلانى يېغى تۆگەپ كېتىپ كەلپىندىكى بىر تۈزلەڭگە چۈشىدۇ. توختىتالماي قېلىپ بىر يارغا ئۇسۇپ توختاپتۇ، تۇمۇشۇقى ماكچىيىپ كەتكەنىكەن. ئورۇسلار تاماشا كۆرگىلى كەلگەن كەلپىننىڭ قېرى ـ  ياش، ئەر ـ ئايال، كىچىك باللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىغا ئارغامچىلارنى باغلاپ، سۆرىيەلمىگەندە ئات ـ كالا، تۆگىلەرنى چېتىپ سۆرىتىپ تۈزگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئىش كەلپىنلىكلەرگە تاماشا بولۇپ بەردى. بىز باللارمۇ خۇشال چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ تارتىشىپ بەردۇق. ئاندىن ئورۇس ئۇستىلار كېلىپ، سەندەل، بولقىلار بىلەن ماكچايغان يەرلىرىنى تۈزلەپ، ماي سەپلەپ ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇنىيازنىڭ ئادەملىرى ئاۋات ـ غورۇ چۆلدە تارمار بولۇپ تەرەپ تەرەپكە پېتىراپ كەتكەن. بىر توپ جەڭچىلەرگە شاقۇردا ئابدۇنىياز شۇنداق بۇيرۇق بەرگەن:

ـــ بىزنىڭ ئوق ـ دورىمىز تۈگىدى، ئامالسىز قالدۇق، ئۆلسەك قىيامەتتە كۆرۈشەيلى، جەڭچىلەر ھازىردىن باشلاپ قوشۇن تارقىتىلدى. ئاستىڭلاردىكى ئات، يېنىڭلاردىكى پۇل ـ بىسات، قوراللىرىڭلار ئەمدى قىسمىنىڭ ئىگىلىكىدە ئەمەس، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ. تارقىلىپ يۇرتۇڭلارغا كېتەمسىلەر ياكى خالىغان تەرەپلەرگە كېتەمسىلەر تۇرمۇش كەچۈرسەڭلار بولىدۇ!

شۇ چاغدا ئىنىم ئاشۇ توپتا بار ئىكەن. ئابدۇنىيازنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، نۇرغۇن جەڭچىلەر بىلەن كەلپىنگە يېنىپ كېلىپ، دېھقان بولۇپ كەتتى. كېيىن

جاھان تىنجىغاندا ھۆكۈمەت ساقچىلىرى كېلىپ ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ قورالالارنى يىغىۋالدى. بىر مەزگىل سولىغاندى، يۇرت كاتتىلىرى ئارىغا كىرىپ تىلەپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

ئابدۇنىياز كۆچمە غەزنىسىنى كەلپىندىكى ئابدۇل مىراپنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ پوست قويغاندى.

ئورۇسلارنىڭ بىر ئايروپىلانى ئابدۇنىيازنىڭ جەڭچىلىرى تەرپىدىن ئايكۆلدە سوقۇلۇپ شاقۇرغا چۈشۈپ كېتىپتىكەن. ئابدۇنىيازلارنىڭ ئوقى تۈگەپ كېتىپ مەغلۇپ بولدى. بولمىسا ئېلىشىپ شىڭ شىسەيىنى مەغلۇپ قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئابدۇنىيازنى تارمار قىلالمايتتى.

## پەتتار ئىمىن بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى

پەتتار ئىمىن 84 ياش، ئونسۇ ناھىيە بازىرىدىن. ئونسۇ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى. 2005 ـ يىلىدىكى سۆھبەتتە خاتىرىگە ئېلىنغان.

ـــ ئېزىز ساۋۇت

1936 ـ يىل 6 ـ ئاي تومۇز كىرگەن چاغ ئىدى. مەن شۇ چاغدا 7 ياشلاردا ئىدىم. بىر بىنەپتە كۈنى (بازار ئەمەس كۈنى) بالىلار بىلەن ئەشمە بۇلاقنىڭ بويىدىكى ئېگىز يار ئۈستىدە «ئورداپار» ناملىق كونا قەلئەنىڭ مەيدانىدا ئويناپ يۈرگەنىدىم (بۇ قەلئەنى بەدۆلەت ـــ ياقۇپ بەگ 1870 ـ يىللاردا ئەسلىدىكى سەئىدىيەخانلىقىنىڭ خانى سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇغا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا سالدۇرغان كونا ئىزىغا كېڭەيتىپ سالدۇرغانىكەن، ھازىرمۇ خارابىسى بار).

بىردىنلا پەستە بۇلاق بېشىدا كىشلەرنىڭ: «ئاۋۇ قىلىچ كۆتۈرگەن ئورۇس بىرسىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، چاپىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يار ئۈستىدىن پەسكە قارىساق راست دېگەندەك بويى ئېگىز، سېرىق، ساقاللىق، شىڭ شىسەيىنىڭ ئەسكىرى فورمىسىنى كەيگەن، قولىدا يالتىراپ يالىڭاچلانغان قىلىچ تۇتقان بىر ئورۇس ئوتتۇرا بويى، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا

بۇرۇتلۇق، يالاڭباش، قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان بىر ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئادەم ئەسلىدە بوز دۆڭلۈك بىر قىرغىز چارۋىچى ئىكەن، 30 ياشلاردا ئىدى. ئورۇس ئۇنسۇ ناھىيەسىنىڭ تۆمۈرچى دەرۋازا تەرەپتىن شەرق تەرەپتىكى ئەشمە بۇلاق تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان چوڭ كوچا بىلەن ھېلىقى قىرغىزنى ھەيدەپ ئەشمە بۇلاق تۈۋىگە كەلدى. ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن بۇ ئىشنى كۆرگىلى يىغىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ قىزىقىپ، بالىلار بىلەن دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرگىنىمچە قىيا - چىيالار بىلەن پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشتۈم ۋە ئۇلاشقان توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم.

شۇ يىللاردا، شېڭ شىسەي ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بىر كازاك پولكى (فېيودوروف شاڭشياۋنىڭ پولكى) ئۇنسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ «سادىقىيە» باشلانغۇچ مەكتىپىگە چۈشكەن. ھېلىقى قىرغىزنىڭ ئىسمى ئىبراي ئىكەن. ئورۇسلار بوز دۆڭگە مىنىڭ ئات يىغقىلى چىقىپ ئاھالىلارغا ئات ئالۇىگى سېلىپ زومبۇلۇق قىلغان. ئىبرايغا كەلگەندە ئېتىنى بەرمەي، كازاك ئورۇسلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان. ئىبراينى شۇ يەردىلا ئۇرۇپ - تېپىپ ئېتىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى باغلاپ ئۇنسۇ بازىرىغا ئېلىپ كەلگەن، بۇگۈن بولسا ئاشۇ «گۇناھى» ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىكەن. ئورۇس ھېلىقى قىرغىزنى ئەشمە بۇلاق بېشىدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ يەنە غەربكە - يېڭى سارايىنىڭ ئالدىغا كېتىدىغان كوچا بېشىدىكى «غەزنەھويلا» دەپ ئاتىلىدىغان شىمالغا قايرىلغان كىچىك كوچا ئېغىزىدىكى باي سىجاڭنىڭ (ئىسمايىل ھاجىنىڭ) ئىككى قەۋەتلىك ئېسىل قورۇسى (ھازىر بۇ يەرگە نۇرمۇھەممەت ھاجىمنىڭ 4 قەۋەتلىك بىناسى چۈشتى) ئالدىدىكى مەيدانغا ئېلىپ كەلدى - دە، ئولتۇرغۇزۇپ بېشىدىن بېسىپ ئەگدى ۋە قىلىچ بىلەن چاپتى. باش بىر قېتىمدىلا يەرگە چۈشتى، قان بەك كۆپ چىقىپ كەتتى. بىز بالىلار بۇنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ چىرقىرىشىپ قېچىپ كەتتۇق.

—— ئېزىز ساۋۇت

# 1937 - يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

**(ئەسلىمىلەر)**

# ئېزىز ساۋۇت

مەمتىلىكام تاۋاقچى 86 ياش، قەشقەر شەھىرى بۇلاق بېشى مەھەللىسىدىكى كۇلالچى ئائىلىسىدىن. 1937 ـ يىللاردىكى يېغىلىقلاردا شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي قوماندانلىقىغا قاراشلىق قەشقەر، يەكەنلەردە تۇرۇشلۇق ماھمۇد سىجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق دىۋىزىيەسىدە ئەسكەر بولۇپ ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. كېيىن شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىۋاتقان روسىيە كازاك قىسىملىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاقسۇ شەھىرى ئاسۇق مەھەللىسىدە كۇلالچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. 1997 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتۈپ «قارا ساقال ئاتا» قەبرىستانلىقىدا قويۇلدى. مەزكۇر ئەسلىمە 1984 ـ يىل 5 ـ ۋە 11 ـ ئايلاردا ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت بولۇپ، خاتىرىگە ئېلىنىپ رەتلەپ چىقىلدى.

1935 ـ يىلى 24 ياش ۋاقتىم، كۈز پەسلى ئىدى، ماھمۇد سىجاڭنىڭ ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيە 32ـ پولك 2 ـ روتا (كوماندىرىمىز تۇرپانلىق ھەمدۇل) 3 ـ ئىزۋود (كوماندىرىمىز ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزىسىدىن باسىت قارى) قا 1933ـ يىلى تۆمۈر سىجاڭ ئايكۆلدىن ئۆتكەندە ئەسكەرلىككە قوشۇلغان، 2 ـ ئەددىلىنىيە كوماندىرىمىز قۇمۇللۇق ھىمىت، قوشۇن تەركىبىگە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئەسكەر بولدۇم. ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئاساسەن ئورۇسلار(كازاك) ئىدى.

ئۇ چاغدا 32 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاماقتا ئىدى (ئەپيۇنگە ئۆگىنىپ قالغىنى ئۈچۈن ماھمۇد سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قاماپ قويۇلغانىكەن)، بوساقكام مەسئۇل پولك باشلىقى ئىدى.

1937ـ يىل 4 ـ ئايدا ماھمۇد سىجاڭ ھىندىستانغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياركەندتىكى 34 ـ پولك، يېڭى ھىساردىكى 33 ـ پولك، قەشقەر شەھىرى دۆڭباغدىكى بىزنىڭ 32 ـ پولك ئىسيان كۆتۈرۈپ خوتەننى بېسىپ ياتقان ماجۇڭيىڭنىڭ ماخوسەن كونتروللۇقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيە بىلەن بىرلىشىپ (بۇ دىۋىزىيە ئەمەلىيەتتە كورپۇس ئىدى. 30000 چە ئەسكەرنىڭ ئىچىدە ئاز قىسىم

خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق، 3000 چە تۇڭگان بولغاندىن باشقا 25000 چە ئەسكەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ قومۇل، تۇرپان، توقسۇن، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەند، خوتەنلەردىن يىغىۋالغان نامرات ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرى ئىدى) شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىكىگە قارشى ئىسيان قوزغىدى. 31ـ پولك 6 ـ دىۋىزىيە شتابى بىلەن بىللە قەشقەر كوناشەھەر يۇمىلاق شەھەر كۆل بىشىدىكى يۇمىلاق سىپىل ئىچىدە تۇراتتى. بىز ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، بىر پولك ئەسكەرلەر سىپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بىزگە قوشۇلدى. قالغانلىرى 6 ـ دىۋىزىيە ناچالنىكى قۇربان سەئىدنىڭ باشچىلىقىدا، ئورۇس مەسلىھەتچىلىرىنىڭ نازارىتىدە ئىسيانغا قوشۇلماي، يېڭى شەھەرگە ئېلىپ چىقىلىپ، شىڭ شىسەي تەرەپتە تۇردى.

شۇنداق قىلىپ ئىسيانچى قوشۇن ئابدۇنىياز كامالنى (توقسۇنلۇق، ياركەندتىكى 34 ـ پولك 1 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئىدى) 6 ـ دىۋىزىيە قوماندانى مويدۇن ئاكىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ دىۋىزىيە شتاب باشلىقى قىلىپ سايلىدى ۋە ماخوسەن قىسىملىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، يەكەن، يېڭى ھىسار، قەشقەر، مارالبېشى، كەلپىن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، ئاۋات، كۇچا، توقسۇ، شايار... غىچىلىك غەلبىلىك جەڭلەر ئارقىلىق بۇ يەرلەرنى تارتىۋالدى.

شىڭ شىسەي ئامالسىزلىقتىن تەمتىرەپ قالدى، 6 ـ دىۋىزىيە تەركىبىدىكى ئورۇس ئوفىتسېرلىرىنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەسىنى ئالغان 1500 نەپەر قوراللىق ئەسكەرلەر ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا، ھەرقايسى شەھەر ـ يېزىلاردىن تولۇقلىنىپ سانى 8000دىن ئاشتى.

قىسملىرىمىز ئاقسۇ دەرياسى خان كۆۋرۈكى بويىدا ـــ دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ قالدى. بىزنىڭ ئوق ـ دورا زاپىسىمىز يوق. تەمىنات ئۈزۈلگەن، ئۇزۇن يوللۇق ھەربىي يۈرۈشتە ھېرىپ ـ چارچىغان بولساقمۇ، روھىمىز چۈشمىگەنىدى. شۇڭا قاتتىق ئىرادە بىلەن بەرداشلىق بېرىپ قارشى تەرەپ قىسملىرىنى ھالسىراتتۇق. مارالبېشى، كەلپىن، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بۇ قېتى (جەنۇبى) بىزنىڭ ئىشغالىيىتىمىزدە ئىدى. مافۇيۈەن قىسملىرىمۇ بىزگە ياندىشىپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا بىز مافۇيۈەننىڭ تۇنگان قىسملىرى بىلەن چىقىشالمىدۇق.

قىسمىمىز ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقاندا، شىڭ شىسەي قوزغىلاڭچى قىسملارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سوۋېت

روسىيەسىگە يېلىنىپ ھەربىي ياردەم ئارقىلىق ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ماقۇل بولۇپ، شىمالدىن زامانىۋى قوراللار بىلەن بىر بۆلۈك قىسىملىرىنى كىرگۈزدى. يەنە سوۋېت گىراژدانلار ئۇرۇشىدا قىزىل ئارمىيەدىن يېڭىلىپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن چار پادىشاھ ئاق ئورۇس (ئورال، دون، كۇبانلىق كازاك) ئەسكەرلىرىنىڭ گېنېرال ئاتامانى دۇدوف باشچىلىقىدىكى كازاكلار، ئالتاي، چۆچەك (تارباغاتاي)، ئىلى ۋادىلىرىدا يەرلىك ئاھالىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ قورقۇتۇپ يۈرگەن قاچاق (كىرژاكلار) لارنى تەشكىللەپ «ئالتايىسكى» ، «تارباغاتايىسكى» نامى بىلەن قورال، ئوق ـ دورىلىرىنى سەپلەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشقا ماڭدۇردى. ئەركەشتام ئارقىلىق تانكا، ئايروپىلان، بىرونېۋىكلار بىلەن قوراللانغان ئورۇس قىسىملىرىنى كىرگۈزدى. قەشقەردىكى ئىسھاقبەگ قوماندانلىقىدىكى چېگرا ئامانلىق قوغداش بېرىگادىسىنى (بۇ بېرىگادا ئاساسەن قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن قىسىم ئىدى) بىرگە قارشى ئاۋانگارت قىلدى. 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ 31 ـ پولكىمۇ بىرگە قارشى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىندى.

ئابدۇنىياز كامال ئاق يۈزلۈك، بەستلىك، باتۇر يىگىت ئىدى. ئۇ، شۇ چاغلاردا 35 ياشلاردا بار ئىدى. 100پاي ئوقنى چەنلىگەن يېرىگە تەگكۈزىدىغان پىشقان ماھىر مەرگەن ئىدى. قىسىملىرىمىز كەلپىندە توختىغاندا، ئابدۇرەھىمنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. بىر پاختەك قازان بېشىدىكى بالداققا قونغاندا، قوماندان ئابدۇنىياز كامال يان قورالى بىلەن قارىغا ئالمايلا ئېتىپ چۈشۈردى. شۇ مەيداندا بىر يىگىتنىڭ بېشىغا چىنە قويۇپ، يەنە يان قورال بىلەن قارىغا ئالمايلا چىنىگە تەگكۈزۈپ پاچاقلاپ تاشلاپ ماھارەت كۆرسەتكەنىدى.

ئەركەشتام ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن روسىيە ئورۇس (كازاك ) قىسىملىرى خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ... يۆنىلىشلىرى بويىچە تانكا، بىرونېۋىك، ئاتلىق قىسىملىرىنى جەڭگە سېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت قىسىملىرى بىلەن ماسلاشتى.

بىز ھۇجۇمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا چېكىندۇق. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سابىق مەسئۇلى ئابدۇللا ئەيسانىڭ (بۇ كىشى كەلپىندىن، 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، بۇ ھەقتە باشتا ئەسلىمە بېرىلگەن) كېيىن ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئورۇسلار كەلپىندە يەرلىك ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بىر توپ ئورۇسلار 100دىن ئارتۇق ئۇيغۇر

قىز ـ چوكانلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىپ، ئېتىزلىقلارغا تاراپ ئاشكارا ھالدا باسقۇنچىلىق قىلغان، ئاندىن بۇ قىز ـ چوكانلارنى جامائەت سۇ ئىچىدىغان چوڭ كۆلگە مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىپ سۇغا چۈشكەن. ئۇرۇسلارنىڭ بۇ زوراۋان قىلمىشلىرىغا نارازى بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن تۆردى بەگ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى «ئىسيانچى» دەپ ساي ياقىسىدا چېپىۋەتكەن.

شىڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەت قىسىملىرى بىزگە ئۇدۇلدىن كېلەلمەي، ئەھۋالىمىزنى تىڭ ـ تىڭلاش ئۈچۈن ھەر رەڭ ياساندۇرۇلغان جاسۇس ـ ئىشپىيونلىرىنى پايلاقچىلىققا ئەۋەتىپ تۇردى. ئۈچتۇرپان ئارقىلىق ئاقيار، ئايكۆلگە قەلەندەر سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ئابدۇل دېگەن ئىشپىيون بىزدىن ھەربىي ئاخبارات ـ مەلۇمات توپلاپ كۆكتەي ھاسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ خان كۆۋرۈكى بويىغا كەلگەندە بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسملىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى (ئۇ چاغدا جا كۆۋرۈك يوق، خان كۆۋرۈكى بار ئىدى). ھاسا ئىچىدىكى مەلۇماتلار پاش بولۇپ دەريا بويىدا چېپىۋېتىلدى.

روسىيەدىن ئۇچقان ئايروپىلانلار بىزگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ھاۋادىن بومبىلارنى تاشلىدى. ئاتلىق قىسملىرى قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۈچتۇرپاندىن ئايكۆلگە چېكىندۇق. ئايروپىلانلار بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ، دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان كەنت يۇقرالىرىنى دەھشەتلىك بومباردىمان قىلدى. چۈنكى قىسملىرىمىز كەنت يۇقرالىرىنىڭ ئۆي ـ جايلىرىدا پاناھلىنىپ تۇرغانىدۇق. ئايروپىلانلار يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ، قوناق، كېۋەز، دەل ـ دەرەخلەرگە قانىتى تېگىپ قىرقىۋەتتى. نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ يۇقرالار ئۆلۈپ، ئۆيلىرى بۇزۇلۇپ خانۇ ـ ۋەيران بولۇپ كەتتى. تېرىلغۇلار ۋەيران بولدى. شۇلاردىن ساي ئېرىقتىكى ئىمىن ئاكىنىڭ ھويلا ئوتتۇرىسىغا بومبا چۈشۈپ قورۇسىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋاتكەن. جۇلە (بىر كەنت) دىكى ھامۇتكام گايىس (بۇ كىشىنىڭ ئايالى ھاشىخان ئايلا، ئاپامنىڭ دادىسىنىڭ ئېگىچىسى بولىدۇ ـ ئېزىز ساۋۇت) نىڭ كىچىك ئوغلى بارات ئاخۇن ئېتىزلىققا چۈشۈپ پارتلىماي قالغان بىر بومبىنى ئۆيىگە ئەپكەلگەن (بۇ چاغدا ھاشىخان ئايلام ھويلىدا لەغمەن ئېتىۋاتقانىكەن. بىر ئائىلە، ئاتا ـ بالا، كېلىن نەۋرىلەر داستىخاندا لەگمەن يېيىشىۋاتقانىكەن). بالام بومبىنىڭ تۇچ قانىتىنى چىقىرالماي ئوچاققا سالغان. قاتتىق پارتلاپ، قازان ئاسمانغا ئۇچۇپ، لەگمەن چۆپلىرى دەرەخلەرگە ئىلىنىشىپ قالغان. ھاشىخان ئايلامنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۈزۈلۈپ، ئۈچەي ـ بېغىرلىرى شاخلارغا ئارتىلىپ قالغان. باشقىلارمۇ ئېغىر ـ يېنىك

ياردىلانغان.

قىسمىلىرىمىز ئاكتىپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ، روسىيەنىڭ بىر ئايروپىلانىنى ئاددىي مىلتىق بىلەن ئېتىپ چۈشۈردى ۋە بىر ئورۇس لېيۇتچىكنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇ ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، چېقىر كۆز بىرنېمە بولۇپ، ئەسىردەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىنتايىن ھاكاۋۇر، مەغرۇر بىرنېمە ئىدى. ئۇنى مەنمۇ كۆرگەنىدىم. ئۇنى مويىدىن ناچالنىك نازارەت قىلىپ ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ يۈرگەنىدى.

قىسمىلىرىمىز ئايكۆلگە سۈرۈلۈپ جۇلە كەنتىدە تۇرغاندا، بىزنىڭ قىسىم 3 ـ روتىدىن روتا كوماندىرى ئەمەت، تاش ئاخۇن (تاش خۇيجاڭ) نى تۇتىۋېلىپ بېدە توغرىغىلى سالدۇ، ئۇ كىشى بىردەم ئىشلەپ ئاندىن يادىكى ئۆستەڭگە چۈشۈۋېلىپ، سۇ ئىچى بىلەن ئېقىپ ئەشمە كۆلگە چىقىپ، قوناقلىقلارنى دالدىلاپ ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ كىشىنى «ئىشپىيون» دەپ قوغلاپ باققان بولسىمۇ تۇتالمىدى (كېيىن جاھان تىنجىغاندا پۇقرا بولۇپ ھەم سۆھبەت بولىدۇ، ئىشپىيون ئەمەسكەن). بىز پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكىنى ئويلاپ، ئايكۆل ئاھالىلەر رايونىدىن چېكىنىپ، ياڭرىق، قۇمباش، توپلۇق، بەشئېرىق ئارقىلىق ئاۋاتقا، ئاندىن غورو چۆلگە چېكىنىدۇق. جاڭگال، چۆل ـ دەشتىلەرنى ماكان قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىزنى بومباردىمان قىلىۋاتقان بىر ئايروپىلان ئايكۆل كونا بازار ئىچىدە پەس ئۇچۇپ يۈرگەندە قانتى بازارلىق بەگ مەھكىمىسى ئالدىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈك بېشىدىكى يوغان قاپاق تېرەككە سوقۇلۇپ ئىلمىشىپ پاچاقلانغان. كۆرگىلى كەلگەن پۇقرالارنىڭ 2 ـ 3 كۈنگىچە ئايغى ئۈزۈلمىگەن. كېيىن بۇ ئايروپىلان سۇنۇقلىرىنى، ھۆكۈمەت تەرەپ ھارۋا، تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاقسۇ شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەن.

ئورۇسلار ئايكۆلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «ئىسيانچىلارغا ئورۇن، ماكان بەردىڭ» دەپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش، ئاياللارنى، ياش ئەرلەرنى تۇتۇپ كېتىپ باسقۇنچىلىق قىلىش، ئەرلەرگە پوخۇرلۇق قىلىش، پوخۇرلۇققا چىدىماي قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىۋېتىش، نەيزىلەش، دەرەخ شاخلىرىنى ئېگىپ پۇتلىنى باغلاپ شاخلارنى قويۇۋېتىش ئارقىلىق چاتىرىقىنى يىرتىپ ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەن.

ئايكۆل بازىرى موللا ئايمىقىدىكى نىساخاننى ئېلىپ كېتىپ باسقۇنچىلىق قىلىپ 3 كۈندىن كېيىن قويۇۋەتكەن (بۇ ئايال 1961 ـ يىلى ۋاپات بولدى ـ ئېزىز ساۋۇت)

بۇ ئايال قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئائىلىسى بۇزۇلغان.

قىسمىمىزنىڭ بىر بۆلىكى ياڭرىق ئارقىلىق، بىر قىسمى توپلۇق، قۇمباش ئارقىلىق ئاۋاتقا چېكىندى. قۇمباشتا تۇرغىنىمىزدا ئاقسۇ ھۆكۈمىتى ۋالىي مەھكىمىسىدە تۇڭچى (تەرجىمان) لىق قىلىدىغان ھېلى بەگنى سېتىقچى قىياپىتىدە چىقىرىپ، ئەھۋالىمىزنى ئىگىلەشكە ماڭدۇرغانىكەن. قۇمباشنىڭ بازار كۈنى بازاردا ھېلى بەگ دىۋىزىيە قوماندانىمىز ئابدۇنىياز كامالغا يۈزمۇيۈز ئۇچراپ قالدۇ. ئىلگىرى ئابدۇنىياز، غوجىنىياز ھاجىم، ماھمۇت مۇھىتىلارغا قوشۇلۇپ قۇمباشتىن ئۆتكەندە ھېلى بەگ تۇڭچىنىڭ قورۇقىدا چۈشكۈن بولۇپ كاتتا مېھمان بولغانىكەن. ئابدۇنىياز تونۇپ قېلىپ، ھېلى بەگنىڭ مەقستىنى بىلىۋېلىپ يۈزگە سالدى. ھېلى بەگ ئىلاجىسىز ئىقرار قىلدى، ئابدۇنىياز مەردانە كىشى بولغاچقا تۇز ھەققىنى دەپ ئۆلتۈرمەي، يالغان مەلۇماتلار بىلەن ئاقسۇغا تىنچ ياندۇردى.

روسىيە ۋە شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ بىزنى ئارام تاپقۇزمىدى. ئاۋاتقا چېكىندۇق. ئۇ يەردىن غورو چۆلگە چېكىندۇق. ھۇجۇم قىلغۇاتقان بىر روسىيە ئايروپىلانى كونا دەريانىڭ سىدىق كۆۋرۈكى بويىدا يىگىتلىرىمىز تەرپىدىن مىلتىق بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈلدى. شتابىمىز ئاۋاتتىكى چاغدا ئات لازىم بولۇپ، بايلارنى ئاساس قىلىپ ئات ۋەزىپىسى قويۇلدى. سوپى بەگ دېگەن ئادەم ئېتىنى قاچۇرۇپ، ئېتىنىڭ پۇتىغا مىق قېقىپ ئاقساق قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئىش سېزىلگەندىن كېيىن ئابدۇنىياز ئۇنى جامائەت ئالدىدا بوينىغىچە يەرگە كۆمۈپ، ئاندىن چاپماقچى بولغان، يۇرت كاتتىلىرى تىلىگەنلىكتىن ئامان قالدى.

تۇڭگانلار بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى، سۈركۈلۈش بولۇپ تۇردى، شۇ ئارىدا بىز ساي ئېرىقتا ئەسىرگە ئالغان ئورۇس ئۇچقۇچى ئورۇس ئايروپىلانلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئارغامچا شوتا ئارقىلىق ئايروپىلانغا تارتىپ ئېلىپ قېچىپ كېتىلدى(شتاب ناچالنىكى مويدىن قاچۇردى دېگەن گۇمانلار بولغانىدى). تۇيۇقسىزلا بىر بۇيرۇق بىلەن سىدىق كۆۋرۈكى بويىغا يىغىلدۇق. تۇنگان قىسملىرىمۇ يىغىلدى، ئابدۇنىياز باشلىق كوماندىرلارمۇ بار ئىدى. شاپ بۇرۇت ئاق - سېرىق يۈزلۈك، كۆك چېقىر كۆز، گەۋدىلىك كەلگەن ناچالنىك شتابىمىز مويدىن ئاكا (كورلىلىق دېھقان ئىدى) يالاڭباش، ئاق خەسىدىن كۆينەك - تامبال كەيگەن، قولى ئارقىسىغا باغلاقلىق ھالدا ئۇنچە ئەسكەرنىڭ نازارىتىدە كۆۋرۈك بويىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى. باشلىقلار ئۆزئارا بىرنېمە دېيىشىپ ئاندىن «ئۇ ئىنقىلابقا خائىنلىق

قىلدى، كىم چاپىدۇ؟!» دەپ جاكار قىلدى. ھەممە جەڭچىلەر ھەيرانۇھەس بولۇپ بېشى چۆشۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كىشى جەڭلەردە باتۇر، ھۇجۇمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، سەپ ئارقىدا تۇرۇپ چېكىنەتتى. جەڭچىلەرگە مېھرىبان ئىدى، جەڭ تاكتىكىسى ياخشى، دۈشمەن بىلەن ئاسان مۇرەسسە قىلمايدىغان، بولۇپمۇ تۈڭگانلارنىڭ ۋاپاسىز ھەرىكەتلىرىگە ئۆچ، كېلىشەلمەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنى قەتلى قىلىشقا بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئاخىرىچە مويدىن ئاكا ئىككى رەكەت تۆبە - ئىستىغپار نامىزىنى ئوقۇدى. جاكار قايتىلانغاندىن كېيىن 3 - روتىدىن ئەيسا ئىسىملىك چىرايى سەت، بىر كۆزى ئالغاي، دارازا بىرسى چىقىپ: «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، مانا مەن چاپىمەن!» دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مويدىنكامنىڭ گەجگىسىگە چاپتى. ئەتراپ سۈرلۈك تۈس ئالدى، باش ئۈزۈلمەي جان تالىشىش بولۇۋاتقاندا، ئەيسا سوقۇر مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ باشنى ئۈزۈۋەتتى. باش سەكرەپ - سەكرەپ تەندىن ئۈزۈلۈپ ئۇجۇقتى. قان بەك كۆپ چىقىپ كەتتى. باش ۋە تەننى توغراق مازاردا بىر توغراقنىڭ تۈۋىگە كۆمدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قىسىملار ئۆز رەتى بويىچە ئورۇنلىرىغا تارقاشتى. ئاندىن پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىپ غورۇچۆلگە يۈرۈپ كەتكەنىدۇق. چۈنكى بومباردىماندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ قوغلىغۇچى قىسىملىرى يېقىنلاپ قالغانىدى، ھېلىقى ئەيسا سوقۇر تۈيقىسىزلا ئارىمىزدىن قېچىپ كەتتى. ئۇ ئەسلى پەيزىۋاتلىق بىر نېمە بولۇپ، ماھمۇد مۇھىتىنىڭ قىسمىغا شۇ يەردە قوشۇلغانىكەن، كېيىن بىزنىڭ قىسمىغا كېلىپ قالغان. قىلىقلىرى سەت، قارا يۈرەك بىرنېمە ئىدى، مويدىنكام ئۇنىڭ ھەربىي نىزامغا رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ بىر قانچە قېتىم ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا باشقىلار تىلىۋېلىپ ئامان قالغانىكەن. مويدىنكام ئۇنى بىر قېتىم قاتتىق ئۇرۇپ دۇمبالىغانىدى. شۇڭا ئاداۋەت ساقلاپ پۇرسەت كەلگەندە مويدىنكامنى چاپتى، كېيىن بىز تارمار بولغاندىن كېيىن، ئورۇسلارنىڭ ئوقىدا ئۆلگەن ئەيسانىڭ ئۆلۈكى بىر جاڭگالدىن تېپىلدى.

شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن كازاكلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قىسىم رۇس ئايروپىلانلىرىنىڭ ۋە بىرونېۋىكلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە غورو چۆلدە بىزگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. تايانچ بازىمىز يوق، ئوق - دورا، ئاش - ئوزۇقىمىز تۈگىگەن، ھارغان، قوراللىرى ناچار قوزغىلاڭچى قىسىم تەسلىم بولماي جان تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرەلمەي غورو چۆلدە تارمار

بولۇپ، قاراكۆل، شاقۇر، مارالبېشى، خوتەن دەريا ساھىلىدىكى يوللار، تارىم دەريا - شايار يولى يۆنىلىشلىرىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئىزقۇت، روتا، باتالىيونلار بويىچە قاچتۇق.

شۇ ئارىدا بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى، دۈشمەنلەر غورو چۆلگە بېسىپ كېلىش ئالدىدا، ھەمدۇل روتا كوماندىرى مېنى، توختى ئىسملىك يەكەنلىك بىر جەڭچىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئارىلىقنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۈچ كىلومېتىردەك ماڭغاندا قۇم دۆۋىسىدىن بىزگە ئېتىلدى. بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، توختىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى، دەرھال يېتىۋېلىپ ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ ئوق ئۈزدۈم. بىر چاغدا ئارقامدىن بىرسى «قولۇڭنى كۆتۈر!» دەپ ۋارقىرىدى. يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. مېنى ئەسىرگە ئالغىنى ئېگىز، تەمبەل، 25 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، شىڭ شىسەي قىسملىرىنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىكەن.

—— قورقما، ئۆلتۈر! —— دېدى ئۇ چىرايىمدىكى ئەنسىزچىلىكنى ۋە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئىككى قولۇمنىڭ ۋە بەدەن - پۈتلىرىمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ رەھىم قىلغان ھالدا قورالىنى پەسكە چۈشۈردى. ئۆلتۈردۇق، ئەھۋالىمنى سورىدى، ئەھۋالىمنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بىر ھازا ئۆلتۈرۈپ كېتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مارالبېشىلىق بولۇپ 1933- يىلى تۆمۈر سىجاڭغا ئەسكەر بولغان، كېيىن ماھمۇت مۇھىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە 6 - دىۋىزىيە، 31 - پولكتا تۇرغان. بۇ قېتىم ئاشۇ پولك شىڭ شىسەيگە سادىق بولۇپ مەيدانغا چىقتى. بۇ پولكنىمۇ بىزگە قارشى جەڭگە سېلىپ بىر يىگىنى خوتەنگە، بىر يىگىنى قەشقەرگە، بىر يىگىنى ئاقسۇغا جەڭگە ئەۋەتكەن. ئىسمى ئۆمەرجان كېرەم ئىكەن. ئۇ، ئاقسۇ يۆنىلىشىگە ئەۋەتىلىپ بىز بىلەن جەڭ قىلغان (بۇ، ئۆمەرجان كېرىموف بولۇپ، 1937 - يىل 11 - ئايلاردا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا قەشقەرگە قايتىپ يەنە 31 - پولكتا تۇرغان. 1940 - يىللاردا بۇ قىسىم قىسقارتىلىپ، شىڭ شىسەيگە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 6 - باتالىيون قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن 1945 - يىلى مايتاغقا يۆتكىلىپ سوپاخۇن سۇۋۇروۋ بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» بازىسى ئىلى ئازاد رايونىغا كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەنۇبىي سەپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا روتا كوماندىرى بولۇپ قاتناشقان. ئۇ چاغدا مەن پۇقرا بولۇپ كونا شەھەردە —— ئۈنسۇدا ئىدىم. شۇ چاغدا بىر كۆرۈشتۇق، ئۇ، 1950- يىلى

ئاقسۇ ناھىيەسىگە ھاكىم بولۇپ كەلدى، پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇردۇق، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، 1988 ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولدى). ئۇ: ياخشىسى ئەسكەر بولمىساق بوپتىكەن، ئەسلى قېرىنداش قىسملاردىن ئىدۇق. مانا ئەمدى دۈشمەنلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنى قىرىپ يۈرىمىز، نېمە ئامال، سىلىدىن بىرسى ئۆلۈپتۇ، بىزمۇ ئىككى ئادەم رازۋېدكىغا چىققانىدۇق، قەيسەر مەرگەن ئىكەنسەن، ئورۇس كوماندىر ئىزۋوتىمنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈڭ. كەل، شىرىگىڭنى كۆمۈپ قويايلى، سېنى قويۇۋېتەي، دەرھال قوشۇنىڭغا قايتىپ تېزدىن چېكىنىڭلار! ھالىڭلار خەتەرلىك! ئورۇس كوماندىرىمىزنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىشىپ بەرگىن، ئامال قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن، بىرنېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن، يامىنى كەلسە مېنى ئېتىۋېتەر ـ شۇ! دېدى. توختىنىڭ ئۆلۈكىنى قۇمنى كولاپ كىيىمى بىلەنلا كۆمۈپ قويدۇق، بىرەر بەلگىمۇ قىلالمىدۇق. ئورۇسنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىشىپ بەردىم. قىلغان ياخشىلىقىغا كۆپ رەھمەت ئېيتتىم، خەيرلىشىپ ئايرىلدۇق. شتابقا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ تارمار بولدۇق. ئابدۇنىياز كامال ئازغىنا ئادەم ۋە مۇھاپىزەتچىـلىرىنى ئېلىپ شاقۇر، مارالبېشى بىلەن ئايلىنىپ يەكەن دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ مەكىت تەرەپلەرگە كەتتى، كېيىن ئاڭلىساق دۈشمەنلەر تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ ئارام بەرمىگەن. كۆپلىگەن جەڭچىلەر كەلكۈن ئەۋج ئالغان يەكەن دەريا سۈيىدە غەرق بولۇپ ئۆلگەن. ئابدۇنىياز كامال چەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ يەنە ۋەتەنگە قىيالماي يەكەننىڭ دۆلەت چېگراسىغا يېقىن بىر كونا قورغان ئىچىدە تۇرغىنىدا، شېڭ شىسەي قىسملىرىغا ئەسىرگە چۈشكەن، كېيىن شېڭ شىسەي ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قاماپ، تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرگەنمىش.

بىزنىڭ پولكنىڭ باتالىيونى مافۇيۈەن قىسملىرىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەن بىر يىگى (ھەممىمىز ئاتلىق) قاتتىق ھۇركۈپ كېتىپ، خوتەنگە ئۆتۈپ ئاندىن دۇنخۇاڭ تەرەپكە كېتىشنى نىيەت قىلدۇق، بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى، چۈنكى مافۇشۇەننىڭ بۇ باتالىيوندا تۇڭگانلار كۆپ، باشقا مىللەتلەر ئازراق ئىدى، بىزنىڭ باتالىيونىمىزنىڭ ئېنىق بارار يېرىمىز بولمىغاچقا، ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتمەكچى بولۇشتۇق. ئىككى يىگىدىكى ئادەم سانىمىز 600 چە بار ئىدى. ئاقسۇ، يەركەن، خوتەن دەريالىرى قوشۇلىدىغان دېلتىنىڭ ئۈستىدە خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە، دەريا ياقىسىدىن خوتەنگە چىقىپ كېتىدىغان تار دېگەن يار

ئېغىزى بار ئىكەن. دەريا قىرغىقى چىڭدالغان قۇملاردىن ھاسىل بولغان 8 ـ 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يار ئىكەن. ئۈستى پايانسىز تۈز چۆلى ۋە ئارىلاپ- ئارىلاپ دۆۋىلەنگەن قۇم بارخانلىرى ئىكەن. بۇ «تەكلىماكان» نىڭ غەربىي شىمالى چېتى ئىكەن. بۇ يوللارنى بىلىدىغان ئاۋاتلىق بىرقانچە يەرلىك كىشىلەرگە ئالتۇن، كۈمۈش بېرىپ بېرىپ يول باشلامچى قىلدۇق ۋە «تار» جىلغىسى ئارقىلىق خوتەن تەرەپكە ئات سالدۇق. تۇنگان قىسىملىرى بىز بىلەن يول تالىشىپ ئالدىمىزغا ئۆتىۋالدى.

كىم بىلسۇن، كازاك تاكتىكىچىلار بىزدىن چىۋەر كېلىپ، ئالدىن كازاكلاردىن تۈزۈلگەن بىر ئىزۋوتنى چاقلىق ئېغىر پىلىموتلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار رازۋېدكا ئارقىلىق بىزنىڭ مۇددىئايىمىزنى بىلىۋېلىپ، ئالدىن كېلىپ «تار» جىلغىسىنىڭ ئىككى قېشىغا بىردىن، ئىككى چاقلىق ماكسىم ئېغىر پىلىموتنى ئورنىتىپ بىزنى كۈتۈپ بۆكتۈرمىدە ياتقانىكەن. يەنە ئۇلار «دوكەي»، «ئات بېشى»، «زىل» قاتارلىق يەكەن، مارالبېشى تەرەپلەرگە كېتىدىغان يول ئېغىزلىرىغا بىر ئوددېلىنىيەدىن قوراللىق كازاكلارنى بۆكتۈرمىدە قويۇپ، يول توسۇپ ياتقانىكەن.

تۇنگان قىسىملىرى مۇتەھەمىلىك بىلەن يولنى تالىشىپ ئالدىمىزغا ئۆتىۋېلىپ «تار» جىلغا ئىچىگە ئات سالدى. بىز ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق. مەن قوشۇننىڭ ئارقىسىدىراق ئىدىم. قىسىملار تارچۇققا كىرىپ 500 ـ 600 مېتىرچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا ئىككى چەتتىن ماكسىم پىلىموتلارنىڭ تارسىلداپ ئېتىلغان ئاۋازى ياڭراپ، ئوق يامغۇرى ئىچىدە قالدۇق، ئالدىمىزدىكى تۇنگان ئەسكەرلەر ئاساسەن قىرىلىپ كەتتى. ئارقىسىغا قاچقانلىرى بىزگە قاپسىلىپ قېلىپ ئوقتا تۆگەشتى. بىزدىن 50 چە جەڭچى باتاليون، روتا كوماندىرلىرىمىز ئۆلۈپ كەتتى. جىلغا ئىچى يارىدارلارنىڭ ۋاي ـ دات، ناله ـ پەريادلىرى، جان تالىشىۋاتقان ئاتلارنىڭ خارتىلداشلىرى بىلەن تولدى. ئارقىدىكىلىرىمىز مۇئاۋىن روتا كوماندىرىمىز مارالبېشىلىق ئەخمەت بىلەن بىزنىڭ ئىزۋود كوماندىرىمىز باست قارىنىڭ قوماندانلىقىدا ھولۇقۇپ كەتمەي سەپنى بۇزماي ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىندۇق. قارىسام ئوڭ تەرەپتىكى پىلىموتتىن ئېتىۋاتقىنى ئۆز ۋاقتىدىكى 32 ـ پولكىمىزنىڭ پىلىموت روتىسىدىكى ھەربىي ئوقۇتقۇچىمىز كاژالكىن دېگەن كازاك ئورۇس ئىكەن. ئارىلىقىمىز 100 مېتىرچە كېلەتتى. بۇرۇتىدىن تونۇۋالدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېتىۋاتاتتى، ئاڭغىچە باست قارى تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزدى، كاژالكىن

ئۇجۇقتى بولغاي، پىلىموت بىر مەزگىل توختاپ قالدى. يەنە بىرسىمۇ ئېتىشتىن توختىدى. ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگكەن ئوخشايدۇ، ئادەم يەڭگۈشلىنىپ بولغىچە چېكىنىپ خېلى نېرىغا بېرىۋالدۇق. تۇيۇقسىز ئېتىمغا ئوق تەگدى، ئات ئاستىدىن چىقىپ تۇرسام ئاۋاتلىق روزى دېگەن جەڭچى قولۇمدىن تارتىپ ئات كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ چېكىندى. پىلىموتلار ئارقىمىزدىن ئېتىلىپ تۇردى. دوكەي دېگەن يەرگە ئات سۈرۈپ شايار تەرەپكە چېقىپ كەتمەكچى بولدۇق، 300 دىن ئارتۇق جەڭچىدىن 250 چە ئادەم قاپتىمىز. دەريانىڭ غەربىي قاپتىلى بىلەن مېڭىپ كۆن كەچ بولدى. ھېرىپ، قورساق ئاچ ماغدۇرسىزلاندۇق. ھېلىمۇ ياخشى دۈشمەنلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلەلمىدى. دەريا ياقىسىدا بىر مال قوتىنى بار ئىكەن. چۈشكۈن بولۇپ ئاتلىرىمىزنى ئوتقا قويدۇق. مالچىغا يالۋۇرۇپ، يانلىرىمىزدىن تىللالارنى چىقىرىپ 20 دەك قوينى ئايرىپ سويۇپ قازاندا شورپا، ئوتتا كاۋاپ قىلىپ قارنىمىزنى تويغۇزۇپ ھاردۇق چىقاردۇق، قالدى گۆشلەرنى تەقسىم قىلىپ خورجۇنلىرىمىزغا سېلىۋالدۇق. ئېغىر ياتقۇ بولغاندا، ئىززوت كوماندىرىمىز باست قارى بىلەن مۇئاۋىن روتا كوماندىرىمىز ئەخمەتنىڭ گەپ تالىشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىردى:

—— ئەخمەقلىق قىلمىسىلا باست قارى! —— دەيتتى فومكومروت ئەخمەت —— ئۈزۈل - كېسىل تارمار بولدۇق. بارار يېرىمىزنىڭ تايىنى يوق، ئوق-دورا يوق، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىمىزمۇ يوق!

—— ئاشۇ ئەجنەبى ئورۇسلار كۆز ئالدىمىزدا خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئاياغ - ئاستى قىلدى. كۆپلىگەن شىر سۈپەت يىگىتلىرىمىز ئاشۇ ئەجنەبى ئورۇسلارنىڭ ئوقىدا بىھۇدە قىرىلىپ كەتتى، قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ تەسلىم بولساقمۇ بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دەپتىكەن، ئورۇشۇپ شېھىت بولۇپ كېتەيلى! —— دەپ تۇرىۋالاتتى باست قارى. ئارىنى سۈرلۈك سۈكۈت باستى. جەڭچىلەر جەسۇرلۇق بىلەن چۈشكۈنلۈك ئارىسىدىكى تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. لېكىن ھېچبىر جەڭچى باست قارىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشالمىدى. باست قارى:

—— بوپتۇ ئەمىسە، ئۈزۈم باراي، ئازراق ئوق - دورا يىغىپ بېرىڭلار! ئورۇسلار تېخى ئۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدىن چىقىپ بولالمىدى. تاڭ يورۇغاندا قايتىپ كەلسەم كۆرۈشەرمىز، قايتىپ كېلەلمىسەم «ئۆلۈپتۇ» دەڭلار، يولۇڭلارغا مېڭىۋېرىڭلار! ئەلۋىدا! مېنىڭ بىلەن بېرىشنى خالايدىغانلار ئاتقا مىنىڭلار! —— دېدى.

يىغا ـ زارە، دۇئا ـ تىلاۋەت بولدى. ئۆلجىغا چۈشكەن ياپونىسكى قول پىلىموت بار ئىدى، 3 دىسكا ئوق بىلەن بېرىلدى. بىرسىنىڭ بويلۇق تورلۇق ئارغىمىقى بار ئىدى، توقۇلۇپ باستى قارىغا تۇتۇلدى. 3 ـ ئىزۋوتنىڭ فومكومى تالىپ دېگەن يىگىت «مەن بارىمەن!» دەپ ئاتلىنىپ چىقتى. ۋىدالاشتۇق. تاڭ سۈزۈلۈپ قۇياش ئۇرلىگەنگە قەدەر كۈتتۇق. بۇ 9 ـ ئاي ۋاقتى ئىدى، كەلمىگەندىن كېيىن شايار تەرەپكە كەتمەكچى بولدۇق. چۈنكى شايار، كۇچا تەرەپتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزان قىسىملىرىمىز بار ئىدى. كۈتۈۋېرىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇلارنى «شېھىت» بولدى ياكى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى دەپ قاراپ قوزغالدۇق. چۈش بولۇپ «دوكەي» دىن ئۆتۈپ تارىم دەريا بويىغا يەتكەندە، باستى قارى، تالىپلار يېتىشىپ كەلدى. يىغا ـ زارە قىلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، تالىپ ئەگەر ئارقىسىدىكى تاغارنى يېشىپ تۆكتى، تىللىرىنى چىشلىگەن، ئالايغان، چىشلىرى ھىڭگىيىپ كىرىشىپ كەتكەن غەرق قان ئادەم باشلىرى يەرگە پوكۇلداپ تۆكۈلدى. چۆچۈپ كەتتۇق. باستى قارى ئەھۋالنى بايان قىلدى.

ـــ ئات چاپتۇرۇپ «تار» غا باردۇق، ئايدىڭدا ئۆلۈكلەر شۇ پېتى يېتىپتۇ. تولۇن ئاي تولغان تۈن ئىدى بىر يەردە قارا دۆۋە كۆرۈندى. يېقىن بارساق تاغارغا سولاپ كۆيدۈرۈلگەن جەسەتلەر ئىكەن. يارىدارلارنى تاغارغا سولاپ ماي چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى چېغى، ئامالسىز غەربىي تەرەپ چۆللۈككە قاراپ يۈرۈلدۇق. كازاكلار پىستۇرما ئورنىدىن كېتىپ قالغانىكەن. چۆل ئىچىدە يول تېپىپ كېلىۋاتساق بىر يەردە ئوت يورۇقى كۆرۈندى. 40 ~ 50 كىلومېتىر ئارىلىقتىن چاپتۇرۇپ كەلگەن ئاتلىرىمىز زىيادە چارچاپ كەتكىنى ئۈچۈن دىمى كېسىلىپ ئۆلدى. قورالللىرىمىزنى ئوقلاپ، پەس يەرلەر، قومۇش ـ شىۋاقلارنى دالدىلاپ ئوت يورۇقىغا يېقىنلاشتۇق. بۇ بىر قوتان بولۇپ بىزنى قىرغىن قىلغان دۈشمەنلەر دەل مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئۇلار مالچىنى بالا ـ چاقالىرنى ئېتىۋېتىپ، خوتۇننى خورلاپ بولۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن قازان ئېسىپ مال ئۆلتۈرۈپ گۆش پىشۇرۇپ يەپ قورساق تويغۇزۇپ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ئىتمۇ قاۋىمىدى. ئېتىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بىر ئورۇس پوستتا ئىكەن بوغۇزلىۋەتتىم. ئەنە ئاۋۇ باش شۇ ـــ باستى قارى قولىدا يەرگە تۆكۈلگەن باشلار ئارىسىدىن تاقىر باش كۆزى قىيا ئوچۇق بىر باشنى كۆرسەتتى ـــ، ئاندىن تالىپنى سىرتتا كۆزەتتە قويۇپ، گەمە ئىچىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ قول پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتۇم، گەمە ئىچىدىكى ھەممە كازاك بىر ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى ئەسكەر ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. تاڭمۇ سۈزۈلدى، ھېلىقى كازاكتىن ۋە يەنە

بىر پىلىموتچى كازاك نەق مەيداندا ئوقۇمدا ئۆلگەنىكەن، جەسەتلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، گەمە ئارقىسىغا تاشلاپ قويغانىكەن. ئاينا ئاۋۇ باشلار شۇ! جەمئىي 10 دۈشمەنىنىڭ بېشى ــــ دېدى.

«بۇ باشلار ئارىسىدا مېنى قويۇپ بەرگەن ئۆمەرجاننىڭ بېشىمۇ بارمىدۇ؟» ـ دەپ بەكمۇ ئەنسىرىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كىشى يوق ئىكەن. يۇز، بويۇنلىرىدا قان قېتىپ كەتكەن كازاكلىنىڭ بۇرۇتلۇق بېشىنى تونۇدۇق. باشقىلارنى چەتتىكى قېرى توغراق تۈۋىدىكى ئازگالغا كۆمەيلا تاشلىۋەتتۇق. 12 ئات (3 ئات بىزدىن ئۆلجىغا چۈشكەن ئات ئىكەن)، 2 دانە چاقلىق ئېغىر ماكسىم پىلىموت، 8 دانە مىلتىق، 2 ساندۇق ئوق، 10 يەشىك مىلتىق ئوقى قاتارلىقلارنى ئولجا قىلىپ، ئېغىر پىلىموتلارنى پارچىلاپ ئاتلارغا ئارتىپ ئەكەپتۇ، ناھايىتى خۇشال بولدۇق. ئۇبدان ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن تارىم دەرياسىدىن، توغراق شاخلىرىدىن ياسىغان ساللار بىلەن دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئۆتتۇق. شەرققە ـ شايار تەرەپكە يول ئالدۇق. تارىم دەريا بويلىرى گىدىرماش توغراقلىق، توقايزارلىق ئىكەن، يول تېپىپ ماڭماق بەك قىيىن بولدى. تارىم دەريا ئېقىنىنى بەلگە قىلىپ دەريا بويلاپ شەرققە قاراپ مېڭىۋەردۇق. تەلىيىمىزگە پات ـ پات مالچىلار ئۇچراپ تۇردى. ئۇلاردىن يول سورىدۇق. ئاش ـ ئوزۇق ئالدۇق. جاڭگاللاردا بۇغا، جەرەن، قىرغاۋۇل ـ توشقانلارمۇ كۆپ ئىكەن، ئېتىپ يەپ، خېلىلا ئەتلىنىپ قالدۇق. توقاي دېگەن يەرگە بارغاندا ئابدۇراخمان ھاجى دېگەن كىشى 60 چە ئادىمى بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. بۇ كىشى ئەسلى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزا ئاجرىق كەنتىدىكى بىر يەر ئىگىسى، چارۋىدار باي بولۇپ، ئونسۇ ناھىيە بازىرىدا قورۇ ـ جايلىرى، سودا دۇكانلىرى، ئاجرىق كەنتىدە يەر ـ زېمىن، باغلىرى بار ئىكەن. توقاي يايلىقى پۈتۈنلەي ئابدۇراخمان ھاجىغا قارايدىكەن، مال چارۋىلىرىنى مۇشۇ يايلاقتا باقىدىكەن. 1933 ـ ، 1934 ـ يىللىرى بوزدۆڭلۈك باي سىجاڭغا (ئىسمايىل ھاجى) قوشۇلۇپ، پۇل ـ چارۋا چىقىرىپ قورال سېتىۋېلىپ ئەسكەر ئېلىپ يىگجاڭ (باتالىيون كوماندىرى) بولغان ۋە خوجانىياز ھاجى، ماھمۇت مۇھىتىلارنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئاقسۇ، مارالبېشى، ئاۋات، قەشقەرلەردىكى يېغىلارغا قاتناشقان. بۇ يېغىلار بېسىقىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ تىرىكچىلىكىنى قىلغان. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا كەلگەندە يەنە ئەسلىگە كېلىپ بىرگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلغان. قوزغىلاڭلىرىمىز باستۇرۇلۇپ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئازغىنا ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كېلىپ، چەت، خىلۋەت ماكان، ئەسلىدىكى

ئۆزىنىڭ توقاي يايلىقىغا كېلىپ يوشۇرۇنغان. ئورتا بوي، سېمىز، ساقاللىق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان سالاپەتلىك كىشى ئىكەن، شۇ چاغلاردا 50 ياشلاردا بار ئىدى.

شايار چېگراسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، ئارقىمىزدىن تاپانداپ كازاكلار قوغلاپ كەلدى. ئالدىمىزدىن ئۇرۇمچىدىكى شىڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدارلار ئەترىتى، كۇچا، توقسۇلاردا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلىرىمىزنى تازىلاپ بولۇپ، ئۇچۇر بويىچە بىزنىڭ ئالدىمىزنى توستى. ئىككى پىلىموت، ئازغىنا مىلتىق بىلەن قارشىلىشىپ باققان بولساقمۇ ئوقىمىز تۈگەپ قورشاۋدا قالدۇق ۋە ئاخىرى ئەسىرگە چۈشتۇق. ئېگىز - پەس قومۇشلۇق ئىدىرلىقلاردىن بىزنى ياياق ئېلىپ ماڭدى. ئاشۇ زەربىدار ئەترەتتە سۇپاخۇن سۇۋۇرۇپ بار ئىكەن. ھەربىي سوراقتا بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەنىدى (سوپاخۇن قۇمۇللۇق، بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى 1938 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەردىكى 31 - پولكقا خىزمەتكە ئەۋەتكەن، كېيىن بۇ پولك قىسقارتىلىپ مۇستەقىل 6 - باتالىيون بولغان. سوپاخۇن روتا كوماندىرى بولغان، 1945 - يىلى بۇ قىسىم مايتاغ مۇداپىئە سېپىگە يۆتكەلگەن. شۇ يىلى 5 - ئايدا 100 دىن ئارتۇق جەڭچى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئېلى ئازاد رايونىغا كەلگەن. 1945 - يىل 7 - ، 8 - ، 9 - ، 10 - ئايلاردا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبىي سەپ ئاقسۇ رايونىدا گومىنداڭغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. سوپاخۇن، ئۆمەرجانلار كونا شەھەرنى (ئونسۇ) ئازاد قىلغاندا مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. شۇ چاغلاردا كۇلالچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرەتتىم. ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا كەلگەنىدىم. ئۇلار مېنى پارتىزان بولۇشقا بەك دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، «بالا - چاقىلىق بولۇپ قالدىم، ئۇرۇش - جېدەلگە ئارىلاشماي تىنچ ئۆتكۈم بار» دەپ ئۇنىمىدىم).

ئەسىرگە چۈشكەنلەر 250 چە ئادەم ئىدۇق، ئارىمىزدىن فومكوم ئىزۋوتتىن يۇقىرى 30 دەك ئوفىتسېرنى تاللاپ (باستى قارى، تالىپلارنى ئارىمىزدىن خائىن چىقىپ «10 ئورۇسنى ئۆلتۈرگىنى شۇ!» دەپ چېقىپ قويغانلىقتىن ئايرىم كويزا - كىشەن سېلىپ ئېلىپ ماڭدى) بىزنى ئاتلىق ياياق ئېلىپ ماڭدى، توقايغا كېلىپ قوندۇق. كېچىدە ئارىمىزدىن مارالبېشىلىق نادىر دېگەن يىگىت شاققا ئېسىپ

قويغان بەشئاتار مىلتىقنى ئېلىپ بىر ئاتنى مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئاڭلىغىنىمدا ئۇ شاقۇرغىچە بىخەتەر بارغان، بىر مالچىنىڭ قوتىنىدا ئارام ئېلىۋاتسا، 3 قاچاق تۇتۇنغان كەلگەن. گۆش يەپ ئولتۇرغاندا، تۇتقانلار: «ماۋۇ چانتۇ گۇمانلىق، ئېتىۋېتەيلى!» دېگىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئالدىن قول سېلىپ ئۇلارنى ئېتىۋېتىپ مارالبېشىغا بارغاندا قولغا چۈشكەن. ھۆكۈمەت تەرەپ تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئەسكەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇپ بەرگەن. 1985 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتۇپتۇ.

بىزنى كوناشەھەرگە (ئونسۇغا) ئەپكېلىپ يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. شۇ چاغدا سىرتتا ئوقۇغان كامال دېگەن كىشى ھاكىم ئىكەن. بىزگە بىر ئايچە سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. يەنە كېسەك قۇيدۇرۇش، مەكتەپ سالدۇرۇش... ئىشلىرىغا سالدى. ئاندىن ھەربىرىمىزگە كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، 20 سەردىن كۈمۈش تەنگە تارقىتىپ بېرىپ ئازاد قىلدى. خالىغان يېرىمىزگە تارقاشتۇق. مەن ئونسۇدا قېلىپ كۇلالچىلىق قىلدىم. 1952 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىپ يەنە شۇ كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلدىم.

ھېلىقى تاللانغان 30 نەپەر ئوفىتسېرنى ئاقسۇ شەھىرى سېپىل ئىچى غەربىي جەنۇبىي تام تۈۋىگە (ھازىرقى ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارە ئائىلىلىكلەر قورۇسى) ئورا كولاپ تىرىك كۆمگەن، باست قارى، تالىپلارنى تۈۋرۈككە باغلاپ، ئوفىتسېرلارغا قارىتىپ قويۇپ تىرىك سويغان. كۆمۈلگەنلەردىن ئايكۆللۈك ھوشۇر، مارالبېشىلىق ھامۇت، يېڭىسارلىق ماموتلار ئۈستىگە كۆمۈلگەچكە، تىرناقلىرى بىلەن تويىنى تاتىلاپ ئېچىپ قېچىپ قۇتۇلغان. كېيىن كۆرۈشۈپ تۇردۇق. لېكىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى. 1940 ـ 1944 ـ ۋە 1947 ـ يىللىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىشتى.

كېيىن ئاۋاتقا بارغىنىمدا ئاڭلىسام «تار» دا كازاكلارنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ كەتكەن جەسەتلەر كۆمۈكسىز شۇ پېتى قاپتۇ. 1970 ـ يىللاردىمۇ ئادەم، ئاتلارنىڭ ئۈستىخانلىرى، مىلتىق، نەيزە... ئىگەر ـ توقۇملار شۇ پېتى بار ـ دەپ ئاڭلىدىم، كېيىن قانداق بولدى ئۇقالمىدىم.

ئاقسۇ 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

قوشۇمچە ماتېرىيال:

# 1937 ـ يىلدىكى جەڭ مەيدانىدا كۆرگەنلىرىم

## داۋۇت ساۋۇت (1910 ~ 1995)

1931ـ يىل 2 ـ ئايلاردا قۇمۇل تاغلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭى گويا ئورمانغا ئوت تۇتاشقاندەك قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانىدى. بۇ يېغىلىق بىرقانچە يىلغىچە داۋاملىشىپ، ناھايىتى پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. قوزغىلاڭچى قوشۇنىدىن ئابدۇنىياز كامالنىڭ قىسىملىرى ئاۋاتقان كېلىپ 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىر تەرەپتىن تۇڭگان قوشۇنلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەينىڭ روسىيەدىن يالاپ ئېلىپ كەلگەن كازاكلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ياللانما كازاكلارنىڭ بىر ئايروپىلانىنى سوقۇپ، ئاۋات زېمىنىدا موللاق ئاتقۇزۇپ كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى، شۇنداق قىلىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە خېلى مەزگىل چىداملىق بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ قوراللىرى ناچارلىشىپ، ئاش ـ ئوزۇقلىرى ئۈلگۈرمەي ئىلاجسىز قېلىپ ئاۋات ناھىيەسىنىڭ خوتەن دەريا بويىدىكى «تار» دېگەن يېرىدە تارمار بولۇپ غايىپ بولدى.

مۇشۇ ۋەقەلەر بولۇپ 4 يىلدىن كېيىن (6 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى) ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى خەن خۇيمىڭ مېنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەنىدىم. ئۇ ماڭا خىزمەت تاپشۇرۇپ: «ئاڭلىغان خەۋەرلىرىمىزدىن قارىغاندا تار دېگەن يەردە بىر قىسىم مالچى، ئوتۇنچىلار مىلتىق، ئوق ـ دورا ... قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋاپتىمىش. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ يەردىكى جەسەتلەرمۇ كۆمۈلمەپتۇ. قورال ـ ياراغلارمۇ شۇ پېتى ئىكەن. سىز ئادەم ئېلىپ بېرىپ ئۇرۇش رايونىنى تەكشۈرۈپ، قورال ـ ياراغلارنى يىغىپ كېلىڭ!» دېدى.

مەن شۇ چاغلاردا ئاۋات ناھىيەسىدە زۇلك شاگيۇ (باش بەگ) ئىدىم. دەرھال قول ئاستىمدىكىلەرنى بۇيرۇپ، ھەرقايسى رايون ـ يېزىلاردىن بولۇپ 52 ئادەم، 6 ھارۋا تەييارلاپ ئۆزۈم ئاتلىق يولغا چىقتىم. ئىككى كۈن يول مېڭىپ نىشانغا يېتىپ باردۇق. بۇ جاي بىلەن ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 90 ~ 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇرنى خوتەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى تار بىر جىلغىغا ئوخشايتتى. ئىككى قىرغىقى 20 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى قاتمۇقات قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ «قىزىل قۇم» دەپ ئاتىلىدىغان گىياھسىز قۇملۇقىغا، شەرقىي جەنۇبى «بۇلۇت قۇم» غا تۇتىشاتتى. بۇ جاي تەخمىنەن 3 ـ 4 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تەبىئىي ئېغىز ئىكەن، بىز ئات، ھارۋىلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، بىرنەچچە سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ چۆچۈپ كەتتۇق، قارىساق ئەتراپىمىزدا بەزىلىرى ئوچۇق، بەزىلىرى قۇمغا يېرىم كۆمۈلگەن، بەزىلىرى چىرىپ ئۇستىخانلىرىلا قالغان جەسەتلەر يېتىپتۇ. قۇم ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان جەسەتلەر 300 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى كۆلرەڭ كىيىملىك ماخوسەن قىسىملىرى ئىكەن، يېرىمى كۆك ماتادىن شىم، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كەيگەن ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرى ئىكەن. نەق مەيداندىكى بۇ ئارىلاش جەسەتلەرنىڭ ھالىتى ئۇلار ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن بولماستىن بەلكى جەڭ قىلىپ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن تاكى بىز بارغانغا قەدەر 4 يىل ئارىلىقتا بوران ـ چاپقۇن، قۇم كۆچۈش داۋامىدا يەنە نەچچە يۈزلىگەن ئادەم جەسەتلىرىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

بىز ئاشكارا ياتقان جەسەتلەرنى ساۋاپلىق ئۈچۈن ئۆز جايىدىن يۆتكىمەي كۆمۈپ قويدۇق. بەزىلىرىنى بىر جايغا يىغىپ كۆمدۇق. ئاندىن كېيىن قوراللارنى يىغىشقا باشلىدۇق. قوراللاردىن باشقا يەنە ئات، قېچىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىمۇ بار ئىكەن ۋە شۇ پېتى بۇزۇلماي تۇرغان ئىگەر جابدۇقلىرىمۇ بار ئىدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قوراللارنى ئېلىپ كېلىش بولغاچقا، باشقا نەرسىلەرگە تەگمىدۇق. قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنىڭمۇ ئوچۇق تۇرغانلىرىنى ئالدۇق. قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغانلىرىنى ئاختۇرمىدۇق. تۇرغان جايىمىزدىنلار 20 تال مىلتىق، 100 دىن ئارتۇق قىلىچ، نەيزە، ئىچى بوش ئوقدانلارنى ئېلىپ بولدى قىلدۇق. مۇشۇنىمۇ ئاران ئەكەتكىلى بولاتتى. ئاختۇرساق ۋە يىراقراق بارساق قورال ـ جابدۇقلار يەنە كۆپ

ئىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى يىغىشقا ۋاقىت كۆپ كېتەتتى ھەم ئەكىتەلمەيتتۇق. ئوزۇق - تۈلۈكىمىز تۈگەپ كېتىدىغان بولسا، بىزمۇ تۈگىشەتتۇق. بىزنىڭ ئۇ يەردە بىردەممۇ تۇرغىمىز كەلمىدى. قايتىشقا ئالدىراپ قولغا چىققاننى ئېلىپ، قالغىنىنى تاشلاپ قايتتۇق.

ئاۋاتقا كەلگەندىن كېيىن ئەپكەلگەن قورال - ياراغلارنى ھاكىم خەن خۇيمىڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇ دەرھال ساقچى ئىدارىسىدىن مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي، ئۆلگەنلەر ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئېھتىمال نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار، قوۋم - قېرىنداشلار ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلەلمەي ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندۇ؟!

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئابدۇنىياز ئاشۇ جەڭدىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇپ بولۇپ، قايتىشنى خاھلىغانلارغا رۇخسەت قىلىپ، ئۆزى 10نەچچە ئادىمى بىلەن خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنمىش، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى بىزگە نامەلۇم.

ئابدۇنىيازنىڭ نامى ھازىرغىچە ئاۋاتتا يىلنامە بولۇپ قالدى. بەزىلەردىن: «نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سورىسا، «ئابدۇنىياز كەلگەندە تۇغۇلغان ئىكەنمەن» دەيدۇ ۋە بەزىلەر «ئابدۇنىياز كەلگەندە مانچە ياشتىم ئىدىم» دەيدۇ. بۇ يىللار خېلى ئۇزاققىچە تارىخ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر ئاۋات ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزگەن «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - تومىدىن ئېلىندى ( 244-، 245 - بەتلەر)

# ئايكۆل يېزىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي ۋەقە

(ئەسلىمە)

ئېزىز ساۋۇت

## مۇقەددىمە

بۇ 1937~ 1945 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئايكۆل يېزىسى كونا بازىرى ئەتراپىدا ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى دادامدىن ئاڭلىغانىدىم. چۈنكى دادام مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرگەن يۇرتتىن ھەم بۇ ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار دادامغا يېقىن تۇغقان كىلەتتى. شۇڭا دادامنىڭ بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇشلۇقى راۋان بولۇشى ئۈچۈن «مەن» دىگەن ئىبارە بىلەن ھىكايە تەرىقىسىدە بايان قىلىپ بېرەي.

ـــ (قەلەم ئىگىسى ئېزىز ساۋۇت)

ئايكۆلدىكى ئۇرۇش ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. مەن شۇ چاغدا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىر لىيەنگە قوشۇۋېتىلگەنىدىم. قىسىملىرىمىز يەكەن، مارالبېشى، كەلپىن، ئۇچتۇرپان... قاتارلىق جايلاردا شىڭ شىسەيي قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئاقسۇنى قورشاپ تۇرغاندا ئوق ـ دورىلىرىمىز تۈگەپ كەتتى. قىيىن ئەھۋالغا چۈشتۇق. قىسىملىرىمىز ئايكۆل بازار، بازار ئەتراپىدىكى كەنت ـ مەھەللىلەرگە، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشتۇق. كۈتۈلمىگەندە شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيەسى ۋە روسىيەلىك يالالنىما كازاك قىسىملىرى، شۇ چاغدىكى ئىلغار زامانىۋى قورالار، تانكا، ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ بىزگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ قورشىۋالدى.

قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقان بولساقمۇ، ئۇلار يۇقىرى ھەربىي ئۇستۇنلۇكى بىلەن بىزنى تارمار قىلدى.

مەن ۋە مەن تۇرغان بەندىكى شايارلىق تۇرغۇن بىلەن ئىككىمىز قىسمىلىرىمىز چېكىنىشۋاتقاندا بۆلۈنۈپ ئايكۆلدىلا كازاكلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدۇق. بىزنى ئەسىرگە ئالغىنى كازاكلارنىڭ بىر پەيى ئىدى.

ــــ ھە، سەنمىدىڭ! ــــ دېدى بىرسى ئۆزبېك تەلەپپۇزىدا، ــــ ماۋۇ تۇرغۇنغۇ دەيمەن؟!

چارچاش ۋە قورقۇنچ سەۋەبىدىن مادارسىزلىنىپ يەرگە ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى پېشانىسىدىن تۇتۇپ كۆتەرگەن ھالدا ئالدىمدا دىميان زاخارووېچ تىخونوۋ شاگۇى ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يوغان، گەۋدىلىك قامىتى، ئاق سېرىق چىرايى، چېقىر كۆزلىرى، يارىشىملىق بۇرۇتى ئۆز ۋاقتىدىكىدەك تۇرۇپتۇ. شېڭ شىسەي ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كەيگەن دىميان زاخارووېچنى تاسما - كەمەرلەر بىلەن ئورالغان بېلىدىكى قىلىچ، تاپانچا سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن 32- تۇمەندىكى چاغدا بۇ كازاك ئوفىتسېر بىزگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە، قورال - ياراغ نەزەرىيەۋى مەشىق ئۆگىتىدىغان ھەربىي ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. مىجەزىم ئوبدان، ياۋاش، سەممىي بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى - خىزمەتچى قىلىۋالغانىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا سەممىي سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغانىدىم. كېيىن تاللىغان يولىمىز ئوخشىماي دۈشمەنلىشىپ، قىسمەت يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا ئەسىر قىلىپ تاشلاپ قويدى.

ــــ دىميان شاگۇى، مېنى كەچۈرۈڭ! ــــ دېدىم ئۇنىڭغا خىجالەت ئارىلاش ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ.

ــــ سەن ئەقىللىق، ياخشى بالا ئىدىڭ، قانداقسىگە ئىسيانچىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدىڭ؟

ــــ كەچۈرۈڭ شاگۇى، ئەسكەر دېگەن شۇ. گاھ ئۇياققا، گاھ بۇ ياققا ئۆتۈپ قالىدىكەنمىز. شارائىت ئۆزگەرگەندە تاللىۋېلىش قىيىن بولىدىكەن. بۇيرۇققا بويسۇنمىساق كاللىمىزغا ئوق يەيمىز شۇ!

ــــ 31- تۇمەن ئىسيانچىلارغا قوشۇلماي، بىز تەرەپتە قالدىغۇ؟ ھازىر بىز بىلەن بىر سەپتە ئىسيانچىلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭمۇ بىز تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئىمكانىيىتىڭ بار ئىدىغۇ؟

ــــ ئىمكانىيىتىم بولغان بولسا شۇنداق قىلمامتىم شاگۇى، ئۇستىمىزدە ئوفىتسېرلار

نازارەت قىلىپ تۇرسا، بايام دېدىمغۇ، سەللا كېتىپ قالساق كاللىمىزغا ئوق يەيتتۇق، دەپ. بۇنى سىزمۇ چۈشىنىسىز...

ـــ ئەقىللىقسەن ـ ھە، ـ تۆمۈرا! ـ دېدى دىميان شاگۋى قۈۋلۇق بىلەن بەرگەن جاۋابىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ كېتىپ،ـــ يارايسەن. جاۋابىڭ ئورۇنلۇق. ئەمدى نېمە قىلساق بولار سېنى؟...

ـــ قانداق قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز! لېكىن سىز بىر ھىممەتلىك، مېھرىبان ئادەمسىز. مەن بىر مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئادەتتىكى جەڭچى. سىزنى رەھىم قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن!

ـــ ھەييي، ـــ دېدى شاگۋى قىينالغاندەك بىر ئەلپازدا ۋە بىردەم شۈكلەپ كەتتى، ئاندىن بىردىنلا جانلىنىپ ـــ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، ئىسيانچى، ئەسىرلەرنى تولپلاپ دوبەنىنىڭ رېجىم ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئىدى، خەير بوپتۇ! مەن ساڭا ئىشىنىمەن تۆمۈر، ساڭا رەھىم ۋە ياخشىلىق قىلىپ ئۆلۈم ۋە تۈرمە كۈلپىتىدىن خالاس قىلىپ قوياي. لېكىن، ماڭىمۇ ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ياخشىلىق قىلىسەن. نازۇك بىر خىزمىتىم بار. شۇنى سادىقلىق بىلەن بېجىرىسەن!

ـــ جان، تېنىم بىلەن!...

ـــ بۇلارغا مۇسۇلمانچە تاماق ۋە چاي كەلتۈر! ـــ دەپ بۇيرۇدى شاگۋى بىر كازاك ئەسكەرگە....

X X X X

بىزنى بىر دېھقاننىڭ بوش سامانلىقىغا سولاپ قويدى. ئاندىن تامىقىمىزنى ياخشى بەردى، ھاردۇقلىرىمىزمۇ چىقىپ قالغاندى. تاڭ سەھەردىلا كارناي ئاۋازى ئاڭلىنىپ كازاك ئەسكەرلەر ئالدىراش سەپ بولۇشقا باشلىدى. ئۆلكە ۋە ياللانما كازاك قىسىملىرى ئايكۆلدىن ئاۋاتقا چېكىنگەن ئىسيانچى ئارمىيەگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىشىك ئېچىلدى. بىر ئەسكەر:

ـــ سىلەرنى دىميان شاگۋى چاقىرىۋاتىدۇ! ـــ دېدى. ھويلىغا چىقساق دىميان شاگۋى بىزنى يالغۇز كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە فۇ لىيەنجاڭنى مەسئۇل قىلىپ ماڭغۇزۇۋېتىپ ئۆزى يالغۇز ئايرىلىپ قالغان چېغى... نېرىدىكى تۈۋرۈككە خورجۇن ئارتىلغان بىر قېچىر ھەم ياخشى ئېگەرلىنىپ جابدۇلغان دىميان شاگۋېينىڭ پېشانىسى ئاق يۇلتۇز قاشقىلىق تورۇق ئارغىمىقى تېپىرلاپ تۇراتتى.

ـــــ تۆمۈر بۇ ياققا كەل! ــــ دەپ چاقىردى دىميان شاگۋېي ۋە تۇرغۇنغا بۇرۇلۇپ،
ـــــ سەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرا! ــــ دېگىنىچە مېنى خاس بىر ئۆيگە باشلاپ ئېلىپ باردى. ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇچۇق - يورۇق ھالدا:
ـــــ تۆمۈر ئەمدى سېنىڭ مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۇرسىتىڭ كەلدى، بۇنىڭ بەدىلىگە سەن ئەركىنلىككە، ھاياتلىققا ئېرىشىسەن! مەن ساڭا تۈەن شىتابىنىڭ تامغىسى بېسىلغان كاپالەت خېتى يېزىپ بېرىمەن، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، مەيلى ھۆكۈمەت ياكى باشقا تەرەپ بولسۇن «ئىسيانچى» دەپ تۇتماقچى بولسا، بۇ خەتنى كۆرسەتسەڭ نىجادلىققا ئېرىشەلەيسەن. مەن، بۇ خىزمەتنى سەممىي نىيىتىڭ، ماڭا بولغان ئىخلاسىڭ، ساداقىتىڭ بىلەن ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالدا، ئازدۇرغۇچى بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ ئاخىرىغىچە قىلىسەن. ئەگەر مەن يۇرۇشكە ئاتلىنىپ كېتىپ قالسام ۋە جەڭ مەيدانىدا بىرەر خەتەرگە يولۇقسام، تەلەي كېلىپ ھايات قالسام: «ئۇ كازاك ئەمدى مېنى تاپالمايدۇ، بۇ يەرگە قايتا كېلىپ يۈرمەيدۇ» دەپ خام - خىيال قىلىپ، نىيىتىڭنى بۇزۇپ سەممىيەتسىزلىك قىلساڭ، ھاياتىڭ ھەممىشە ئۆلۈم خەتىرى ئىچىدە بولىدۇ. مېنىڭ مۇشۇ قىسمىمنىڭ باشقا بىر لىيەنىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ستېپان زاخاروۋىچ تىخونوف ئىسىملىك بىر ئوفىتسېر ئىنىم بار. شۇنىڭغا ھەممە ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ تاپالايمەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھادىسىگە ئۇچرىشىمىز ناتايىن. ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرقانداق سالاھىيەت بىلەن بۇ يەرنى ئىزدەپ تېپىپ كېلەلەيدۇ. ئۇمۇ كېلەلمىسە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز تاپالايدۇ. ئەگەر ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، چوقۇم ھالاك قىلىنىسەن. سەنلا ئەمەس، ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ، مەھەللە خەلقىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. چۈنكى ۋەدە - ۋاپاغا خىيانەت قىلدى دەپ شۇنداق قىلىمىز. بىز كازاكلار ۋەدە - ۋاپانى، ساداقەتنى بەك چوڭ بىلىمىز. شۇ قاتاردا يەنە دۈشمەنلىرىمىزگە ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈچ ئۈلاپ، ئىز قوغلاپ قىساس ئېلىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر خەلقىمىز. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟!... ــــ دېدى.
دىميان شاگۋېي ماڭا سىناق نەزىرى بىلەن جىددىي بىر قاراپ قويدى.
ـــــ چۈشىنىۋاتىمەن شاگۋېي!
ـــــ چۈشەنگەن بولساڭ ناھايىتى ياخشى! مەن نېمىشقا بۇ خىزمەتكە ئۆزىمىزنىڭ كازاكلىرىدىن ياكى باشقىلاردىن ئادەم تاللىماي، سېنى تاللاپ قالدىم؟ چۈنكى سېنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان سەممىي بىر يىگىت ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگەنلىكىمدىن. بۇ خىسلەتلىرىڭنى ماڭا كانۋاي بولۇپ

يۈرگەنلىرىڭدە بايقىغانىدىم. قارا ئۈكام، ھازىر قىلىدىغان خىزمىتىڭ پەقەت خۇسۇسىي ئىشلار دائىرىسىگە كىرىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي خىزمەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

ـــ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭىزگە رەھمەت! ماڭا ئاخىرىغىچە ئىشىنىڭ! ئىشەنمىسىڭىز خىزمەت تاپىلىماڭ! قېنى ئېيتىڭ قانداق خىزمەت ئىدى؟

ـــ يارايسەن يىگىت! بىرئاز كۈت، گېپىمنىڭ ھەممىسىنى دەۋالاي ئاندىن...

ئۇ تاماكا ئوراپ ئىككى ـ ئۈچ شورىۋالدى، ئاندىن كۈلۈمسىرىگەن چېقىر كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

ـــ بىز ئورال كازاكلىرىنىڭ پۇشتىدىن بولىمىز، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئەسكەرلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەر، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتام قىسمىدىن ئاجراپ تاشكەنتتە تۇرۇپ قالغان، مەنمۇ شۇ يەردە ئوقۇپ، ئۆزبېك ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ تىل، تۇرمۇشىنى ئوبدان ئۆگەنگەنمەن. ئىنىم بىلەن ھەربىي مەكتەپنى تاماملاپ خىزمەتكە چىققاندا، سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرى باشلاندى. ئائىلىۋى ئەجدادىمىزنىڭ ئەسكەرلىك تارىخىدا مەسىلە بار دەپ قارىلىپ تەقىپ ئاستىدا قالغاچقا بىر توپ كازاكلار بىلەن ئىلى تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ يەرلەشتۇق. ھازىرقى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە يېغىلىق بولۇپ، شېڭ شىسەيگە ھەربىي كۈچ لازىم بولغانلىقتىن، ئۇ ئىلىدىكى كىرژاك كازاكلارغا ئىلتىجا قىلىپ، يۇقىرى مائاش ۋە ئىمتىيازلار بەدىلىگە كاتتا بىر ئەسكىرىي قىسىم تۈزدى. ياخشى ياشاش، ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسياننى باستۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ياللانما ئەسكەر بولدۇق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاشۇ ئىش ئۈچۈن سەن بىلەن دۈشمەنلىشىپ قارىشلىشىپ يۈرۈپتىمىز، خوش!... ـــ ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا خىجىل بولۇۋاتقاندەك، ماڭا قاراپ توختاپ قالدى.

ـــ دەۋېرىڭ شاگۇيى!...

ـــ كۆردۈڭ، خېچىر ئۈستىدىكى يۈكلەرنىڭ ھەممىسى تىللا ۋە زىنچا ئالتۇنلار، راستىنى ئېيتسام مەن بۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا تىنچ ۋە ئۇرۇش دەقىقىلىرى ئىچىدە توپ ۋە پارچە ھالدا ئولجا يىغىپ توپلىغانمەن. ئۇدۇل ئېيتساق بۇلاڭ ـ تالاڭ دەپ چۈشەنسەڭمۇ بولىدۇ. نامرات پۇقرالاردىن ئەمەس، ئۇلاردا بۇنداق نەرسىلەرمۇ، كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ يوق. باي ـ بەگلەردىن، ئەمەلدارلاردىن يۇلۇپ ئېلىپ ناھايىتى قىيىنىدا توپلاپ، چاندۇرماي يۆتكەپ بۇ يەرگىچە ئېلىپ كېلەلىدىم. قىل كەتسە

سىزنىلىپ قىلىپ بىشمىنىڭ كىتىدىغانلىقى، بۇ ئالتۇنلارنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرىۋاتىدۇ. نېمىشقا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنگەنسەن؟ شۇ كۈنلەردە ھەممىسى ئاۋارىچىلىق تارتماي ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىش، كۈن ئۆتكۈزۈش، كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا خارلانماي ياشايدىغان بىر تۇرمۇش قالدۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پۇل - دۇنيا توپلاۋاتىدۇ. قارىماققا بۇ بىر ئىپلاسلىقتەك كۆرۈنىدۇ. تىنچ ۋاقىتلاردا دېھقانچىلىق قىلىمەنمۇ ياكى باشقا بىر ھالاللىق كەسىپ تېپىۋېلىپ، جاپا تارتسامۇ توغرا يولدا ياشاي دەپ ئويلىغۇدىم. ھېلىمۇ شۇ ئويۇم بار. ئەمما ھازىر دېگەن ئۇرۇش بولىۋاتقان بىر ۋاقىت. ھەممىسى شۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ، ئوبدانىراق بىرەر نەرسە كۆزگە ئىلىنسا: «ھۆكۈمەتكە، غەزىنىگە تاپشۇر!» دەپ بۇيرۇيدۇ ، پۇرسەت تېپىپ چۆنتىكىگە تىقىدۇ. مەن قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قارا ئۈكام، شىڭ شىسەيىنىڭ ئورنىمۇ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىمۇ چىرىك، پۇرسەتپەرەس، ئەمەلدارلىرى قانداق بولماقچىدى؟ ھازىرقى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ھەممە ئىشلار مالىماتاڭ، بىزنىڭ كازاك گېنېراللىرىمىزغۇ سېپى ئۆزىدىن نەپسانىيەتچى ئوغرىلار، ئەقەللىسى بۇ يىغقان ئالتۇنلارنى ئەخلاق - ساداقىتىم بىلەن غەزىنىگە تاپشۇرسام بولاتتى. لېكىن ئۇ غەزىنىگە كىرەمدۇ، غەزىنىگە كىرگەندىن كېيىن خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلەمدۇ؟ ياكى ئاشۇنداق لاي سۇدا بېلىق تۇتىۋاتقانلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتەمدۇ، بىرنېمە دېمەك تەس. شۇڭا ئۆزۈنىڭ قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئىلگىرى چاندۇرماي ئېلىپ يۈرگەن بولسام، ئەمدىلىكتە زورىيىپ، ئېلىپ يۈرمەك قىيىنلاشتى، ئالدىمىزدا قاتتىق قانلىق جەڭلەر بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ھايات - ماماتلىق جەڭلەردە تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر شتاپ تاپشۇرغان خىزمەت پۇرستى بىلەن يىگانە بولۇشقا يول چىقىپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالتۇنلارنى مۇشۇ يۇرتنىڭ خىلۋەت، بەلگىلىك بىر يېرىگە يوشۇرۇپ قويساقمىكىن دەيمەن. ئۇرۇشمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ، شۇڭا بۇ ئىشقا سېنى ۋاستىچى - ئامانەتچى قىلىپ تاللىدىم. ھەرقانداق قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ساقلاپ بېرىسەن!

—— مۇددىئايىڭىزنى تامامەن چۈشەندىم. ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت! ئويلىغىنىڭىزدەك قىلايلى، سىزگە ئاخىرىغىچە سادىق بولىمەن!...

—— ماۋۇ خەنجەر —— دېدى دىميان شاگۇيي دەستىسىگە ئېسىل گۆھەر - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان، يالتىراپ تۇرغان بىر قوش بىسلىق خەنجەرنى قولىغا

ئېلىپ، ــــ سېنى ياخشى ـ يامانلاردىن ساقلىيالايدۇ. ۋاقتىنچە بۇنى ساقلا قالدۇرىمەن. ئىشلىتىلدىغان قورال قالدۇرسام ئەپسىز، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىگە چۈشسەن قارا، بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك خەنجەر، قىممەتلىك قورال، بوۋام ئۆز ۋاقتىدا مالۇرۇسىيە (ھازىرقى ئۇكرائىنا) چېگرالىرىدا تۈركلەر بىلەن بولغان جەڭدە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭ قولىدىن ئولجا ئالغانىكەن، بۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى ماۋۇ كىنۇنكىنى باساڭ خەنجەرنىڭ تىغىدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سېلىپ قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان، پىتىنالماس قىلىپ قويىدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەس، ئاۋازسىز بىر خىل دولقۇن تارقىلىدۇ. ئۇخلىغان چېغىڭدا ئېچىپ قويساڭ ئۇنىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خەنجەر ئەسلىدە فرانسىيەدە فرانسۇز پىچاق ئۇستىلىرىنىڭ پاراستى بىلەن كاتتىلار ئۈچۈن مەخسۇس بۇيرۇتۇپ ياسالغانىكەن، كېيىن ھىلىقى تۈرك ئوفىتسېرنىڭ قولىغا چۈشكەن، ئاندىن بوۋامنىڭ قولىغا ئۆتكەن، ھازىر مېنىڭ قولۇمدا، ئەمدىلىكتە ۋاقىتلىق بولسىمۇ سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتىدۇ. ياخشى ئاسراپ تۇت، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىسەن، تۇرمۇشۇڭنى يولغا سېلىشىڭ ئۈچۈن ھازىرچە ماۋۇ 100 تىللانى ئېلىپ تۇرغىن، 50 دانىسى 15 سوملۇق، 50 دانىسى 10 سوملۇق رۇسىيە تىللاسى، كېيىن ئىش پۈتكەندە سادىقتىڭگە قاراپ سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن!

تۆمۈر ئاكام شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ «خەنجەرنى قولۇمغا ئالدىم» دېدى ۋە ئۆزىنى بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا شىلتىپ قورقۇتقان خەنجەرنى كۆرسەتتى ماڭا كۆرسەتتى.

تىللالارنى ئېلىشنى رەت قىلسام دىمىيان شاڭۋېي:

ــــ ئالغىن، ئاز كۆرۈپ قالدىڭمۇ ـ يە؟ ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پۇل ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، تۇرمۇشىمىز بار ئەمەسمۇ؟ لازىم بولىدۇ. ساندۇقچىلار پېچەتلەنگەندىن ـلىكتىن جىقراق ئالالمىدىم. كېيىن ياخشى رازى قىلىمەن.

ــــ ياق، مەقسىتىم پۇل ئەمەس شاڭۋېي!

ــــ كۆڭلۈكنى چۈشەندىم، لېكىن بۇ تىللالارنى ئېلىپ قويغىن، رەت قىلما! تېزراق بولايلى، مەن قىسمىغا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك، ئالتۇنلارنى ئىشەنچلىك بىر يەرنى تاللاپ كۆمۈۋېتەيلى، ئىككى پارچە خەرىتە سىزىمەن، بىرى مەندە، بىرى سەندە بولىدۇ. كېيىن توغرىلاپ تېپىپ ئالىمىز.

ــــ بولىدۇ، مېنىڭچە ئايكۆلنىڭ تام باغ كەنتى دائىرىسىدىكى چوڭ ئەشمە كۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ياندىش پايانسىز قۇملۇق ئەڭ بىخەتەر، خىلۋەت جاي. شۇ

قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تىتىر تۇزلەڭدە چوختا دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز قەدىمىي بىر تۇر بار، شۇ ئەتراپقا جايلاشتۇرايلى.

ـــ كۆزگە چۈشۈپ قالماس ـ ھە؟ كېيىن تاپالماي قىلىپ...

ـــ تۇر بار ئەمەسمۇ؟ ناۋادا قۇم كۆچۈپ قالسىمۇ، تۇر كۆچمەيدۇ. تۇرنى بەلگە قىلىپ تېپىۋالىمىز، مىنىڭچە مۇقىملىشىپ قېتىپ كەتكەن بۇ قۇملار كۆچمەيدۇ، خەرىتىنى ئەشمە ۋە تورنى ئاساس قىلىپ سىزىڭ.

ـــ ياخشى، جۇر ئەمىسە!

سىرتقا چىققۇق، كۆن نامازدىگەرگە قايرىلغان، ئەتراپ جىمجىت، بىرەر ئەسكەرمۇ قالمىغان، بازار ۋە مەھەللە ئىچىدىمۇ ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھەممىسى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بىلەن چۆچۈشۈپ ئۆزلىرىنى ياقا ـ خىلۋەتكە ئېلىشقان، بىزگە ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايتتى. تۇرغۇنمۇ بىزگە قوشۇلۇۋالدى. بازار چېتىگە چىققاندا دىميان شاگۆپي بىردىنلا توختىدى ـ دە، مېنى چەتكە تارتىپ خەۋپسىرىگەن ھالدا:

ـــ تۇرغۇننى نېمىشقا قوشۇۋالىمىز، بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، ئۇنى ئېتىۋېتەي! ـ دېدى.

ـــ مېنى قويۇپ ئۇنى ئېتىۋەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇ مېنى «ساتقىن» دەپ قالامدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە بولدۇق، خېلى تۇزلۇك يىگىت، بىرىۋەرسۇن.

ـــ سەن بەك ئاقكۆڭۈل يىگىت تۆمۈر، بەزىدە زىيادە ئاقكۆڭۈللۈكمۇ باشقا بالا بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، قاراشلىرىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ، گەپ ـ سۆزلىرىدە سەمىمىيەت يوق، قىسمىدىكى چېغىمدىمۇ كاززاپ بىرنەرسە ئىدى، ھەي تۆمۈر، ئادەمنى چۈشەنمەك بەك تەس، بىر جان بىلەن ئويىنىشىۋاتىمىز، توسما، ئۇنى ئېتىۋېتەي!

ـــ ئۇنداق قىلماڭ شاگۆپي، شاياردا قېرى ئاتا ـ ئانام بار دېگەنىدى. پىراق تارتىشىپ قالمىسۇن، ھېچبولمىسا ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتەيلى!

ـــ ھەي! سەن يامان ئارىغا كىرىۋالدىڭ، ئاخىر بېشىمىزغا بالا بولۇرمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، دېدىمغۇ ئۇنىڭدا سەمىمىيەت يوق دەپ، خەير لەۋزىڭنى ئالاي.

دىميان شاگۆي تۇرغۇنغا قارىدى ـ دە، بۇيرۇق تەلەپپۇزدا:

ـــ ھەي تۇرغۇن! سەن نېمىشقا بىزگە ئەگىشىپ يۈرىسە؟ بىز بىر مەخپىي ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز، سېنى ئېتىۋېتىشىم ياكى مۇناسىپ

ھۆكۈمەت رىجىم ئورگانلىرىغا ئەسىر سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق سەپدىشىڭ تۆمۈر پاناھىغا ئېلىپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالدى. تۆمۈرگە مىننەتدارلىق بىلدۈر! دەرھال بىزدىن ئايرىلىپ يۇرتۇڭغا كېتىۋال! ئەگەر ئارقىمىزدىن يەنە ئەگىشىپ كۆزەتسەڭ جەزمەن ئېتىۋېتىمەن! مانا مۇنداق... شاكۆيې تاپانچىسىدىن «پاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئۈزۈپ، تۇرغۇنىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. تۇرغۇن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ماڭا ۋە دىميان شاكۆيېغا باش ئۇرۇپ يىغلاپ يېلىنىپ كەتتى.

ـــ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىك شاكۆيې، سىلەرگە مىڭ رەھمەت! مانا ھازىر جەزمەن ئۆز يۇرتۇمغا كېتىمەن!

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پايپاسلاپ يۈگۈرگىنىچە، يىراقتا ئورمانلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كەنت ئىچىگە قاراپ كەتتى ۋە كۆزدىن يوقتى. شاكۆيې ئىككىمىز ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن چوڭقۇر ۋىدالىشىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلدۇق.

x x x x

مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئۆيدىن ئايرىلغىلى تۆت يىل بوپتۇ، شۇندىن بېرى ئائىلىمىزگە بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغانىدىم، بۇ قېتىم قىسمىلىرىمىز ئايكۆلدە پاناھلىنىپ تۇرغاندىمۇ، يىراق بىر كەنتكە چۈشكەنلىكتىن يوقلاپ كېلىشكە ۋاقتىمۇ چىقىرالمىغانىدىم. ھەربىي تۈزۈم قاتتىق ئىدى.

مەھەللىگە قايتتىم، كەلسەم بىزنىڭ ئائىلىمىز جايلاشقان مەھەللە بومباردىماندا ئاساسەن ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ قورۇ ـ جايىمىز بىر قەدەر ساق قاپتۇ. كىشىلەر تېڭىرقىشىپ يۈرگەندە، مەھەللىنىڭ مويسىپىت دانالىرى باشقا يەرگە يېڭىدىن مەھەللە قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. جامائەت بىر پارچە يەرنى تاللاپ، ئۆي ـ جاي سېلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانىكەن، ئاكام جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي يېڭى قورا ـ جاي سېلىشنى پەملەپ يۈرگەنىكەن.

ـــ قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ ـــ دېدى ئاكام مېنىڭ تەققى ـ تۇرقۇمغا قاراپ بىئارام بولغان ھالدا ـــ ھالىڭ بىزدىنمۇ خاراپ كۆرۈنىدۇ، ئەسكەرلىكتە تۈزۈكرەك بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندەك قىلىسەن، چاپىنىڭنىڭ ئەستىرى قېتىدا ساقلانغان تىللا، تەڭگە دېگەن نەرسىلەردىن باردۇ؟ ئەسكەر بولغانلار بېيىپ كەتتى دەپ

ئاگىلىدۇق. ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟
ئاتا ـ ئانام ھايات ۋاقتىدا بىز بەك مېھرىبان ئاكا ـ ئۇكىلاردىن ئىدۇق. ئاكامنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمگە بەك قاتتىق تەگدى، ئۇ، غەيرىي، يات بىر ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.
ـــ قانداق قىلاتتىم ئاكا، تۇغۇلغان يۇرتۇم، ئاتا ـ ئانام چىققان زېمىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىم توپلاشقان مەھەللە، دەپ يەنە مۇشۇ يۇرتقا يايتىپ كەلدىم. بىر ـ بىرىمىزگە باش پاناھ بولۇپ، مېھرىبان ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپ ئۆتەرمىز شۇ! ئەسكەرلىك دېگەن شۇكەن. باشقىلار بىيىدىمىكىنتاڭ، لېكىن مەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. مىڭ بىر جاپىدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەلدىم، ئاپام، دادامنىڭ قازالاپ كەتكىنىنى بىر دېھقاندىن ئاڭلىدىم. لېكىن كېلەلمىدىم.
ئاكام ـ يەڭگەم ۋە باللار ماڭا ئۈزۈنغىچە يەر تېگىدىن قاراپ ئولتۇردى. ئاخىر ئاكام ئوڭايسىزلىنىپ ئېغىز ئاچتى.
ـــ دادام، ئاپام سەن ئەسكەرلىككە كەتكەندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن كېسەل بولۇپ قازالىدى، مەۋلانەم مازىرىدا قويدۇق... مەن بالا ـ چاقىلىق بولدۇم، يېڭىدىن قورا ـ جاي سېلىپ كۆچۈپ چىقماقچىمەن، سەن كونا قورادا قالغىن.
ـــ تېخىچە ئۆيلەنمىدىم، ئادەم قالمىغان بۇ خارابىلىكتە، ھۇقۇشلار بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرىمەنمۇ ئاكا، مەنمۇ سەن بىلەن يېڭى مەھەللىگە كېتەي، خالىساڭ بىرگە تۇرايلى، خالىمىساڭ مەنمۇ يېڭى قورا ـ جاي سېلىپ ئولتۇراي، ئۆيلىنىۋالاي. بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئۆتەيلى ئاكا!
ـــ ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، بومباردىماندا ھەممە نەرسە ۋەيران بولدى. ئاتا ـ ئانامنى يەرلەپ، نەزىر ـ چىراغلىرىنى قىلدىم، چىقىمدار بولدۇم، ئۇششاق باللىرىم بىلەن مىنىڭمۇ ھالىم خاراب، ساڭا ياردەم بېرەلمەيمەن، مادارىڭ يەتسە باشقا قورا ـ جاي سېلىپ ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ ئال! ۋاقتىنچە مۇشۇ كونا قورادا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگىن. ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋالغىچە ئاش ـ تامىقىڭنى بىزنىڭكىدە يەپ تۇرىسەن.
ھەممە ئىش ئايان بولدى، بۇرۇنقى مېھرىبان ئاكام قالماپتۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، ئاتا ـ ئانام ھايات چېغىدا يەر ـ زېمىن، باغ ـ قورا، مال ـ چارۋىلار، پۇل ـ بىسات تەل، خېلى ھاللىق ئائىلە سانىلاتتۇق، بومباردىماندا قورا ـ جابدۇقلىرىمىز ساق قاپتۇ. پۇل ـ بىسات، چارۋا ـ ماللارنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالغاندۇ، لېكىن ئاكام ئۇرۇشنىڭ كۈلپەتلىرىنى باھانە قىلىپ «مىراسخورلۇق قىلامدىكىن» دەپ ھەممىنى يوققا چىقىرىپ تۈگۈلۈۋېلىپ مېنى شۇنداقلا چەتكە چىقىرىۋېتىشنى

نىيەت قىلىشقانلىقى گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.
ئەسلىدە مەن بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى، ھېلىقى كازاكنىڭ ئامانەت ۋەسىيىتى، ماڭا بەرگەن تىللالارنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن ئاكامغا يورۇتۇپ ۋەدىگە بىرلىكتە ۋاپا قىلىشنى، ئۇ كازاك قاچان كەلسە ئامانىتىنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشنى بىلدۈرۈپ، قولۇمدىكى تىللالارنى ئالدىغا قويۇپ «تاپقىنىم شۇ ئاكا! ئاتامۇ سەن، ئانامۇ سەن، مەن تەجرىبىسىز يېتىم، سەن باش بولۇپ بېشىمنى ئوڭلا، ئىناق قېرىنداشلاردىن بولۇپ بىرگە ئۆتەيلى» دېمەكچى ئىدىم. ئاكامنىڭ نىيەت ـ ئەلپازىنى كۆرۈپ بۇ ئويۇمدىن دەرھال ياندىم، ھەي دەپى ـ دۇنيا! ئۇ ئادەمنى شۇنداق تېز ئۆزگەرتەلەيدىغان سېھرىي كۈچى شۇنداق قۇدرەتلىك نەرسىمىدۇ؟ ئەگەر ھېلىقى گەپلەرنى دېسەم، ئاكام دەرھال نىيىتىنى بۇزغىدەك، ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ يوغىنى چىقىدۇ، ئەتراپقا يېيىلىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، تىنچ ئۆتۈپ كەتىسغۇ مەيلى، «بۇلاڭچىلىق» دېگەن بۆھتانغا ئايلىنىپ، بۇ دەپى ـ دۇنيالار يەنە بىر بۇلاڭچىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشتىن سىرت، بىزمۇ ئامان قالمايمىز، ئەسكىرىي تۈرمۈش ئىچىدە كاللا كېسىشكە كۆنۈپ كەتكەن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن بۇ بىر توپ كازاكلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇقلار كېلەتتى. قۇتراپ توپىلىشىپ كېلىپ «ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ!» دەپ پۈتۈن كەنت ـ مەھەللىلەرنى قىرغىن ـ ۋەيران قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى، تۆت يىل ئىلگىرى ئاشۇ كازاكلارنىڭ تاپىنى تەگكەن زېمىندا ئاھالىلەرنىڭ بېشىغا شۇنداق كۈلپەتلەرنى سالمىدىمۇ؟ گەرچە ئۇ ئەجنەبىي كازاكلارنىڭ زېمىنىمىزدا شۇ تۇپراقنىڭ ئىگە پۇقراسى بولغان ئاھالىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلىشى يول قويغىلى بولمايدىغان بىر يولسىزلىق بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ئاشۇ كازاكلارنىڭ قورال ـ ھەربىي كۈچىگە موھتاج بولغانلىقتىن سۈكۈت قىلىپ يول قويىدى. شۇڭا بۇ كەلگۈندى كازاكلارنىڭ يۈرىكى يوغىناپ كەتكەنىدى.
ئەسلىدە مەن ھېلىقى كازاكنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋېتىشنىمۇ ئويلىغان، لېكىن ئۇ مېنى ئېتىۋېتەتتى، يەنە باشقا بىر ئادەم تاپالايتتى ياكى ئۆزى بىر ئامال قىلاتتى. مېنىڭ ئۆلگۈم يوق ئىدى، يەنە ئۇ كازاك بۇ ئىشتا ماڭا زور ئىشەنچ ـ ئۈمىد باغلاپ گەپنى ئوچۇق ـ يورۇق، راستچىللىق بىلەن قىلدى، شۇڭا يالتايغىلى بولمايتتى، مەندە ئۇنداق مەككارلىق خىسلەت يوق تۇرسا، شۇڭا ساقلاپ بەرگۈچى بۇرچۇمنى ئادا قىلسام بولدى، دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن ئىشنىڭ ئاخىردا بۇنداق مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھاياتىمغا ئېغىر خەۋپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى

ئويلىماپتىمەن.

قولۇمدىكى كازاك بەرگەن ئالتۇنلار بىلەن شەھەرگە ياكى باشقا بىرەر جايغا كېتىپ ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېتەلەيتتىم، بۇ ئالتۇنلار تۇرمۇشۇمغا باياشاد يېتەتتى. بىراق تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت مېھرى، ئاتا ـ ئانام چىققان زېمىندىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈم قويمىدى، يەنە ھېلىقى ئامانەتلەرمۇ مېنى بۇ يەرگە مەھكەم باغلىۋالغانىدى، ئاكامنى چەتكە تارتىپ:
ـــ ئاكا، سېنىڭدىن نېمىنى يوشۇراتتىم، ئەسكەرلىكتە قىمار ئەۋج ئېلىپ كەتتى، مېنىڭ بىر پەيجاڭىم بىر قېتىملىق قىماردا ئامتى كېلىپ نۇرغۇن تىللا ـ ئالتۇنلارنى ئۇتۇۋالدى، قىمار سورۇنى كاتتا باي، كۆچتىنگىرلەر بىلەن تولغانىدى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن پەيجاڭنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغانىدىم، قىمار ئارخىرلاشقاندا ئازراق سۇركۇلۇشلەر يۈز بەرسىمۇ، مېنىڭ سۈر ـ ھەيۋەم بىلەن ئەۋجىگە چىقالماي بېسىلىپ تىنىچ ئۆتۈپ كەتتى، پەيجاڭىم خۇش بولۇپ كېتىپ شۇ يەردىلا ماڭا 10 سوملۇق تىللادىن 10 داننىنى چوتا ئايرىپ بەردى، بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ كەلدىم، ھەممىسىنى ساڭا بېرەي، ئۆزۈڭگە ۋە ماڭا قورا ـ جاي سالايلى، ئاتا بولۇپ مېنى ئۆيلەپ قويغىن،ـــ دېدىم ۋە ئايرىپ قويغان 10 تىللانى ئالدىغا قويدۇم، ئاكام تىللالارنى قولىغا ئېلىپ خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە، دەرھال مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى.
ـــ ۋاي ئۇكام، سەن دېگەن قېرىندىشىم، ئۆتكەندىكى گەپلەرنى كۆڭلۈڭگە ئالما! پۇلىمىز بولمىغاندىكىن شۇنداق بولۇپ قالىدىكەن كىشى، بولىدۇ، بىللە تۇرايلى، ھەرقايسىمىز ئايرىم قورا ـ جاي سالايلى، پۇتكەندىن كېيىن ئۆيلەپ چىقىرىپ قوياي، لېكىن تېرىلغۇ ـ تىرىكچىلىكىمىز بىرگە بولسۇن، يەر ئاز ئەمەسمۇ؟

قورا ـ جاي سېلىشقا تۇتۇش قىلدۇق، ئىشلار جايىدا كېتىۋاتاتتى، يەڭگەمنىڭ مۇئامىلىسى تازا ياخشى بولمىسىمۇ، ئاكامدىن ئەيمىنىپ چاندۇرماي يۈردۈم، ئەمما ئاش ـ تاماقتا چاندۇراتتى. سۈيۈق ـ سەلەڭ، يۇندا ـ چايقاندا، كىر ـ قات، چارۋا بېقىش ئىشلىرىغىچىلىك زىممەمگە ئارتىغلىق، تېخى يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلار، ئېتىزلىق ئەمگىكىنىڭ سىرتىدا، مەنمۇ «ياق» دېمەي رايىشلىق بىلەن ئىشلەپ يۈردۈم. ئاكامنىڭ قورۇسى ئالدىدا پۈتتى، كۆچۈپ چىقىۋالغاندىن كېيىن، مېنىڭكىگە تۇتۇش قىلمىز دەۋاتقاندا ئەھۋالدا تۈيۈقسىز ئۆزگىرىش بولدى، بىر كۈنى سىرىق ئويدا مال بېقىپ يۈرسەم، يولدا بىرسى يېگى مەھەللىگە قاراپ

كېتىۋېتىپتۇ، يىراقتىن قارىسام تۇرغۇنغا ئوخشاپ كەتتى، ئۇمۇ ماڭا يىراقتىن قاراپ ئىتتىك يۈزىنى بۇراپ تېز ـ تېز چامداپ ئۆتۈپ كەتتى. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. تۇرغۇن بۇ مەھەللىدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ؟ تېخىچە يۇرتىغا قايتماپتۇ ـ دە؟ قاراپ تۇرسام ئۇ يېڭى مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. «بۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىر گەپ بار» دېدىم ئىچىمدە. كەچتە مالنى كونا قوراغا سولىۋېتىپ بالدۇرراق قايتىپ كەلدىم. ئۆي ئىچىدىن ئاكامنىڭ ئايالىغا ئۈنلۈك قىلىپ دەۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىردى.

—— تۆمۈر دېگەن بەتنىيەت ماڭا راست گەپ قىلماپتۇ ئەمەسمۇ، بايىقى تۇرغۇن دېگەن ئادەمنىڭ دېيىشىچە ئورۇس كوماندىر ئۇنىڭغا 100 تىللا بەرگىنىنى دىرىزىدىن كۆرۈپتىكەن. يەنە بىر خېچىرغا ئېغىر يۈك ـ تاقلار ئارتىقلىق ئىكەن، ئۇ كوماندىر تۇرغۇننى قايتۇرۇۋېتىپ، تۆمۈرنى بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ، تۇرغۇننىڭ گۇمانىچە ئۇلار قوم چۆل ئىچىگە خېچىردىكى دەپىنە ـ دۇنيانى يوشۇرغاندەك، ئۇ يەنە «ئاشۇ دۇنيالارنى تېپىپ ئالالىساق ئىككىمىزنىڭ ئۈرۈق ئەۋلادىغىچىلىك يېتەتتى، بۇ سىرنىڭ ئاچقۇچى تۆمۈردە» دەيدۇ. ئەگەر تۇرغۇننىڭ گېپى راست بولسا ئاشۇ دۇنيالارنى قولغا چۈشۈرسەك بولاتتى.

بېشىم «پىررىدە» قىيىپ كەتتى، ئۆزۈمنى ئاران تۇتىۋالدىم. «ھۇ رەزىل ئەبلەخ! دىمىيان شاگۇېي ھەقىقەتەن كۆزلۈك ئادەم ئىكەن، تۇرغۇننى باشقا بالا بولىدۇ، ئېتىۋېتەي!» دېسە، ئىچىم ئاغرىپ توسۇۋاپتىمەن، مانا ئەمدى....

تۇرغۇن مېنىڭ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشسە ئۈنىمايدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئاكامنى تاپقان ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن مېنى بابلاپ بايلىقنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ قەستىگە چۈشكەن. ئۇ ئەسلىدە ھەممە ئىشلارنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىكەندە؟! « نېيىتىڭلار شۇ بولىدىغان بولسا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيسىلەر» دېدىم ئىچىمدە. ئۆيگە كىرىشىمگە ئاكام گەپتىن شىپپىدە توختىدى، چىرايى تاتىرىپ ھەممىسى ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىشتى. چۈنكى مېنىڭمۇ كەيپىياتىم باشقىچە بولۇپ كەتكەنىدى. بىردەملىك قولايسىزلىق سۈكۈتتىن كېيىن ئاكام:

—— تۆمۈر ئۇلتۇر! چارۋىلارنى بالدۇرلا سولىۋېتىپسەن ـ ھە؟ —— دېدى.

—— تويدى، بالدۇرلا سولىۋەتتىم!

—— قورسىقىم ئاچتى دېگىنە؟ قارا ئۇكام سەن بىزگە راست گەپ قىلماپسەن، ھېلىقى كازاك رۇس بەرگەن تىللالار زادى قانچە ئىدى؟

—— قايسى كازاك؟ ھېچقانداق كازاك ـ پازاك ماڭا تىللا بەرمىدى!

ـــ ماڭا بەرگەن تىللالار نەدىن كەلگەن؟
ـــ دېدىمغۇ قىماردا چوتا ئالغان دەپ!
ـــ يالغان ئېيتما، تىللالار 100 ئىكەن، كۆرگەنلەر بار!
ـــ كىمكەن ئۇ؟
ـــ بۇنى ساڭا دېمەيمەن، تىللالارنى تەڭ بۆلۈشەيلى، يەنە كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە، سەن ئاشۇ كازاك بىلەن بىرلىشىپ بىر قېچىر مال ـ دۇنيانى قۇم چۆل ئىچىگە يوشۇرۇپسىلەر، شۇنى تېپىپ ئالايلى، ئىككىمىز بېيىپ كېتىمىز ئۇكام...
شۇ زامان تۇرغۇن كۆز ئالدىمغا كەلدى. ھەممىسى ئاشۇ گۇينىڭ ئىشكەندە! دىميان شاگۇيىي ئېيتقۇيتەي دېگەندە توسۇۋالمىسامۇ بوپتىكەن، مانا ئەمدى شاگۇيىينىڭ گېپى راست بولۇپ چىقىۋاتىدۇ، ھەي ئىست! جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، قېرىنداش، دوست دېگەنلەردىن كېلىۋاتقان بۇ شۇملۇقلاردىن كەيپىم ئۇچتى، قەتئىي سىر بەرمەسلىككە نىيەت قىلدىم.
ـــ ساڭا قارا نىيەت ئادەملەر يالغان ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ! ئۇ كازاك بولسا، قىسمەتكى كونا باشلىقىم، ھەربىي ئوقۇتقۇچۇم، كېيىن دۈشمەنلىشىپ قولىغا ئەسىر چۈشتۇم، قېچىردىكىسى تۇەن شىتابىنىڭ مەخپىي ھەربىي ئارخىپلىرى، قەغەزلەر، خەرىتىلەر، ئىتىلىك بازاردا ياماقا ئالمايدىغان، سەن بىزگە مەنپەئەتسىز نەرسىلەر، ئەمما ھەربىي قىسىمدا ئۇ نەرسىلەر بەك مۇھىم سانىلىدۇ، شاگۇيىي قىسمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ قوغدىغۇچىسىز قالغاچقا ماڭا ئىشەنچ قىلىپ، يولغا كىرىپ قىسمىغا يېتىشىۋالغۇچە ھەمراھ بولۇشۇمنى ئۆتۈندى، يولنى باشلاپ قوشۇنىغىچە يەتكۈزۈپ قويدۇق، ئېيتۇەتمەي، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرمەي قويۇپ بەردى شۇ!
ـــ قىپقىزىل يالغان ئېيتىۋاتىسەن!
ـــ قارا ئاكا! نىيىتىم ئالا بولغان بولسا بۇ يۇرتقا كەلمەيمۇ، ساڭا بەرگەن 10 تىللانى دەسمىي قىلىپ ھەر جايدا جىننىمنى گۆلدەك جان ئېتەلەيتتىم، يۇرت ۋە سېنى دەپ كېلىپ قالدىم، ھەممىسىنى ساڭا بەردىم، بەرمىسەم قانداق قىلالايتتىڭ، تېخى مىراسلارنى تىلغا ئالغۇچى بولمىدىم، ئۇنداق قىلما ئاكا! يات، غەيرىي، ئوسال ئادەملەرنىڭ گېپىگە كىرىپ يۈرمىگىن.
ئاكام، يەڭگەم كۆز ئۇرۇشتۇرىۋالدى ـ دە، توختاپ قالدى.
ـــ بوپتۇ ئۇكام، سېنى سىناپ باقتىم، ئېيتقىنىڭ كەلمىسە ئۆزۈڭ بىلەرسەن! ـــ دېدى.
ئىشلار شۇ تەرىقىدە ماڭدى، لېكىن ماڭا سىلىپ بېرىلىدىغان قورا ـ جايدىن گەپ

يوق، تېخىچە شۇ خارابە قورۇدا، مال ـ چارۋىلار بىلەن سامانلىقتا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردۈم، ئاش ـ تاماق، كېيىم ـ كېچەكلىم كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاشتى. باشقا يەرگە كېتەي دېسەم، ھېلىقى ئامانەت مېنى چۈشەپ قويغانىدى. سەممىيەتسىزلىك قىلغۇم كەلمىدى.

تۇرغۇن پات ـ پات ئاكامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ھەر قېتىم كەلگەندە ئەھۋالدا يېڭى ئۆزگىرىش كېلىپ چىقاتتى، ئاكامنىڭ سوئال ـ سورىقى، ھەتتا كېچىلىرى مەن ياتقان يەرگە بېرىپ چۈشەكەپ ـ جۆيلۈپ بولسىمۇ يىپ ئۇچى بېرەمدىكىن دەپ، ئۈيقۇلۇق ھالىتىمنى كۆزىتىپ يۈردى، تۇيۇپ قېلىپ خەنجەرنىڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويۇپ ياتىدىغان، يېنىمدىن ئايرىمايدىغان بولدۇم. مەنمۇ خەنجەرنىڭ بىئارام قىلىشىغا كۆنۈپ قالغانىدىم، سالامەتلىكىمگە تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بەرداشلىق بەردىم. بىر كۈنى ھويلىغا كىرسەم، يەڭگەم ئاكامغا دەۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

ـــ ھېلىقى ئادەم ماۋۇ دورىنى تۆمۈراخۇننىڭ ئېشى ياكى چېيىغا قوشۇپ ئىچۈرۈۋەتسەڭلار ئۇنىڭ جىگىرىگە تەسىر قىلىپ خامۇشلۇققا يۈزلىنىدۇ، گەپ ـ سۆز ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرالمايدىغان بولىدۇ، ئاندىن سىر ـ ئەسرىنى ئاشكارا قىلىدىغان بولىدۇ، شۇ چاغدا ھېلىقى دەپى ـ دۇنيالارنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ دەيدۇ. مەن ئەگەر زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ تارتىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بىز.... دېسەم ، ياق ئۆلمەيدۇ، ئاجىزلاپ كېتىدۇ ـ شۇ! ـ دەيدۇ،ـــ دېدى. ئاكام رەت قىلىپ:

ـــ ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم تۇرسا، پۇل ـ دۇنيانى دەپ ساپساق بىر ئەرنى ناكار قىلىپ قويساق ئاخىرەتتە سوئال ـ سوراقلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن. ياق! ئۇنداق قىلمايلى! ئەپكېلىڭلار دورىنى!ـــ دېدى ـ دە، قولىغا ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. مەن دەرھال بۇرۇلۇپ كوچىغا چىققۇالدىم، ئاكام خىلۋەت بىر يەرنى تېپىپ تۆكۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، ھەر ھالدا ئاكامدىن خۇشال بولدۇم. نېمىلا بولسا قېرىنداش...

ھەر ھالدا يېمەك ـ ئىچمەكمەدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، تۇرغۇن دېگەن نائەھلى كېلىپ ـ كېتىپ يۈردى، لېكىن ماڭا يولۇقمايتتى، ھەر كەلگىنىدە بولۇپمۇ يەڭگەمگە ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ ـ ئۆگىتىپ تۇراتتى، ئاخىرى يەڭگەم تۇرغۇننىڭ ئەپسۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئاكامىمۇ بوشاپ كەتتى. شۇنچە ھوشيارلىق قىلسامىمۇ، يەڭگەم ئۆز قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ماڭا ھېلىقى دورىنى ئىچىرۈۋەتتى، بەلكى بىرقانچە قېتىم بولسا كېرەك، شۇندىن باشلاپ ھوشۇم جايىدا

ئەمەس خامۇشقا ئايلىنىپ قالدىم. تاماق يېگۈم كەلمەيدۇ، ئىسسىق ـ سوغۇقنىمۇ سەزمەيمەن، كىيىم ـ كېچەك، ئائىلە روزغار، خۇشاللىق دېگەن ئارزۇ ـ خىياللارنىڭ ھەممىسى ماڭا ياتلاشتى، ساراڭغا ئايلىنىپ قالاي دېدىم. بىرلا ئىش ھېلىقى ئامانەت، ۋەدە ـ ۋاپا مېنى بىخوتلىششقا يول قويمىدى، ئۇلار مېنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ماڭا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا «بۇلاڭچى»، «ساراڭ»، «ئەسكەر بولغاندا ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلغاچقا خۇدايىم ئۇنىڭغا كۆرسەتتى»، «ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇ جۇنۇنلاشقانسېرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ» دېگەن ئىغۋا ـ بوھتانلارنى تارقاتتى. «يالغاننى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، نادان ئادەملەر ئاڭلاۋېرىپ، مېنىڭ ئىنكاسسىزلىقىمدىن بارا ـ بارا بۇ گەپلەرگە ئىشىنىشتى. ئۆچمەنلىكى ئاشتى، مازاقلاپ ئانى تاپىدىغان بولدى، ئاكاممۇ پۇل ـ دۇنيانىڭ كويىدا، مېنى مۇشۇ كونا سامانلىقتا سولاپ قويۇپ، تاماقتىن قىسىپ قىيناۋاتىدۇ، ئاخىر ئۇلار بۇ دۇنيادا مېنى تىرىك قويمايدىغان ئوخشايدۇ، ھالىم خاراب، پات ئارىدا ئۆلۈپ قالىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن، نۇرئەھمەد، سەن مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئەھۋالنى كۆردۈڭ، چۈشەندىڭ، باشقا ياققا كېتەي دېگەنىدىم، ئەمما ھېلىقى ئامانەت، خەرىتىلەرنى تۇتقۇزۇپ بېرىدىغان ۋىجدانلىق، ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمىدىم. ھەي ئۇكام، ھاياتىمدا بۇ مەھەللىدە ئۇچراتقان بىردىنبىر ۋىجدانلىق، ئادىمىلىكىنى ساقلىغان، توغرا نىيەتلىك بىر ئىنسان بولۇپ يېتىشىپسەن، پەقەت سەنلا مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى، كىچىككىدە ساڭا كۆرسەتكەن تەسىرىمنى ئۇنتۇپ قالماپسەن، سەنلا ئاقكۆڭۈل، سەممىي مىجەز ـ ماھىيىتىڭنى ساقلاپ تۇرۇپسەن، ھازىر سەن مېنى توغرا چۈشەنگەن، توغرا باھا بەرگەن، مېنىڭ «ساراڭ» ئەمەس، ساقلىقىمنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىنى پاش قىلىپ، تۆھمەتلىرىنى رەت قىلغان، ماڭا ھەقىقىي ئىنسان خىسلىتى پەزىلىتىدە ئىچ ئاغرىتقان، شەپقەت قولۇڭنى سوزغان بىر ياخشى دوستۇمسەن، سېنىڭدىن ئەبەدىي مىننەتدارمەن. كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى، تۆمۈرنىڭسەممىيەتكە تولغان سۆزىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى توغرا كۆزەتكەنلىكىمدىن پەخىرلەندىم، يۈرىكىمنى ياۋۇز ئادەملەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت، ئۆچمەنلىك، تۆمۈر ئاكامنىڭ قىسمىتىگە ئىچ ئاغرىتىش، ياردەم بېرىش تۇيغۇسى چىرمىۋالدى. «لەنەت سەنلەرگە! ئۇرۇغ ـ تۇغقان، قېرىنداشمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ تۆمۈر ئاكامغا قانداق ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن؟»

ـــ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز تۆمۈر ئاكا!
ـــ ھېچ بىلەلمىدىم، ئىشەنچلىك ئادەم تاپالىسام بۇ ئاۋارىچىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىپ باقاتتىم، بىراق ئۈمىدىنىڭ قىرغىقى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.
مەنمۇ ئىلاجسىز تۇرۇپ قالدىم، شەخسەن غەزەپ ـ نەپرەتتىن باشقا ئۇ ئادەملەر بىلەن سەۋەبسىزلا قارشى چىققىلى، ئېلىشقىلى بولمايتتى، بۇ بەك نازۇك ئىش تۇرسا!
تۆمۈر ئاكام يەپ بولالمىغان ئاشنى باشقا بىر قاچىغا تۆكۈۋالدى ـ دە، قاچىنى ماڭا سۇنۇپ:
ـــ قايتىپ كەت! ھاۋاخان ئاچام كېلىۋاتىدۇ ـــ دېدى. ئارقامغا قارىسام راست يىراقتىن چوڭنام پايپاسلاپ كېلىۋاتىدۇ، غەزىپىم كەلدى، «قاچانلا بولسا كەينىمگە كىرىۋالغان» دېدىم ئىچىمدە. چاندۇرماي قورۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كوچىغا چىقىپ، باشقا تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش بېرىپ ئۆيگە قايتتىم.

تالادا لەيلەپ قار ياغماقتا. قار ئىلگىرىكى يىللاردىكى پەسىل ئۆدۈمىدىن بالدۇر يېغىۋاتاتتى، دېمەك، سوغۇق ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن بالدۇر چۈشۈپ كەتتى دېگەن گەپ. سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ سۆزلەۋاتقان دەرسى زادىلا قۇلىقىمغا كىرمەيۋاتاتتى، ئېسى ـ يادىم قايسى كۈنى تۆمۈر ئاكام سۆزلەپ بەرگەن خاتىرىلەردە، بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەردە ئىدى. قەلبىم ئاشۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ قىلىۋاتقان ئوساللىقلىرىغا نەپرەت، يالقۇن بىلەن يېنىپ كېتىپ باراتتى. «بۇ سوغۇقتا تۆمۈر ئاكام قانداق قىلغاندۇ؟ ئاشۇ نا ئەھلىلەر ئۇنى ئىسسىق ئۆيگە يۆتكىۋالماي، سوغۇق خارابە ئۆيدە توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟ ھېچنەرسىگە قارىماي باشقا يەرگە كەتسىمۇ بوپتىكەن...»
چوڭ ئانام كۆز ئالدىمغا كەلدى، چوڭ ئانامنىڭ ماڭا بولغان مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ دائىم كەينىمگە كىرىۋېلىپ، گۇدەك بالىدەك باشقۇرۇپ كېتىشلىرىدىن بەك بىزار بولۇپ كەتكەنىدىم. چوڭ ئاناممۇ ئاشۇ بىر توپ ئادەملەر تەرىپىدە تۇرۇپ ناھەقچىلىكنىڭ چاقىنى ئايلاندۇرۇشۇپ بېرىۋاتىدۇ، تۆمۈر ئاكامنىڭ «ساراڭ» ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدا چوڭ ئانامنىڭمۇ ھەسسىسى باركەن، دېگەن ئوي كاللامنى چىرمىۋالدى، تۆمۈر ئاكامنى ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر ۋە چوڭ ئانام بىرلىشىپ ماتالىق دۇنياسىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىندى. مەكتەپتىن غەمكىن قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ئۆلۈغ ئوت قالانغان يان ئوچاققا قاقلىنىپ

ئوتسىنىپ ئولتۇراتتىم، چوڭ ئانامنىڭ بىرسىگە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
ـــ تام تۈۋىدە نېمە ئىش قىلىسەن؟ نەۋرەمگە يەنە جىن چاپلاشتۇراي دەپ كەلدىڭمۇ، ماڭ كەت!
دېرىزىدىن قارىسام تۆمۈر ئاكام تام تۈۋىدە دۈگدۈيۈپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇزايدىن ماڭا بىر گېپى باردەك قىلاتتى.
ـــ چوڭ ئانا! تۆمۈرئاكامنى ئۆيگە كىرگىلى قويۇڭ، ئوت ئىسسىنىۋالسۇن!
ـــ مۇشۇ بالىنىزە، ماقۇل، كىرگىن!
لېكىن تۆمۈرئاكام كىرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇ كۆزىدە ماڭا شەرەت قىلىپ، مېنى سىرتقا چاقىردى، چاپىنىمنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم. چوڭ ئانام ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ئىش بىلەن بولدى، تۆمۈر ئاكام پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى:
ـــ نۇرئەھمەد، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۇلار ئاخىر مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، ئەتە ھاۋاخان ئانام ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئاشۇ قۇملۇقتىكى تۇرنىڭ قېشىغا بارغىن، دەل چۈش ۋاقتىدا!...
ـــ ماقۇل، ـــ دېدىمەن.
تۆمۈر ئاكام لەپەڭشىپ ماڭغىنىچە قايتىپ كەتتى، ئۆيگە كىرسەم چوڭ ئانام گۇمانسىراپ:
ـــ تۆمۈر ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالىدىكەنسىز، قېرى ئادەمچۇ چوڭ سۈپەت بولىدىغان، نېمە دېمەكچىدى؟ ئا كۈنى ئاپارغان تاماق، چاپان، ئۆتۈك ئۈچۈن رەھمەت دېدى شۇ!
ـــ شۇنداق نەرسىلەرنى ئاپارغانمىدىڭ؟
ـــ ھە، ئاپاردىم قانداق؟ سوغۇقتا توڭلاپ ئېچىرقاپ ئۆلۈپ قالسا بولامتى ئەمىسە؟! بۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر ئىنتايىن رەھىمسىز، نادان ئىكەنسىلەر!
چوڭ ئانام خىجىل بولغاندەك بىر ئۇمچەيدى ۋە:
ـــ ئۇنداق ئەمەس بالام، مېنىڭمۇ بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، تېگىدىن ياخشى يىگىت ئىدى! ـــ دېدى.
ئەتىسى دەل چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا، چوڭ ئانام ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، تام ياقىسى، باغ تۈۋىدىكى چىغىر يوللارنى ياقىلاپ مۆكۈپ دېگەندەك تۆمۈر ئاكام كۆرسەتكەن يەرگە يۈگۈردۈم. بۈگۈن قارمۇ توختاپ قۇياش پارقىراپ چىققان. ھاۋا ئىللىق كۈن بولدى. «دەرسكە كېچىكسەممۇ مەيلى» دەيتتىم ئىچىمدە.

سىرىق ئۆيدىكى ئۇتلاقتىن ئۆتۈپ، نېرىدا تاغ چوققىلىرىدەك چوخچىيىپ سوزۇلغان، بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن قۇملۇققا كىردىم، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەسىرلەر بويى يامغۇر - بورانلارنىڭ زەربىلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن ھالدا 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى توپا ۋە يۇلغۇن تاللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قاڭداپ سوقۇلغان قەدىمى تۇر ھەيۋەت سۆلەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قارىسام ئەتراپتا ئىنسى - جىن يوق، تۆمۈر ئاكامۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىسام بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىسقىرتقان ئاۋاز كەلدى، ئارقىدىنلا تۆمۈر ئاكام پۇلاڭشىپ چىقىپ كەلدى، مۆكۈنۈپ تۇرغانىكەن.

—— تېزراق! —— دەپ ئالدىراتتى ئۇ كەيپياتى جىددىيلىشىپ،—— ئەمدى كۆزدىن يوقالمىسام ھېلىقى مال - دۇنيا خاپچىلىقىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ئويلاپ - ئويلاپ سېنىڭدىن ئىشەنچلىك سادىق، ساپ دىل دوست تاپالمىدىم، مېنىڭ يۈكۈمنى ئەمدى سەن ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ياق دېمىگىن! سەن بۇنى قىلالايسەن ۋە سېنىڭدىن ھېچكىممۇ گۇمانلانمايدۇ، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ھەتتا ئاتا - ئاناڭغىمۇ تىنما! قانداق؟ ئۈمىدىمنى يەردە قويماسسەن!

ئۇ ماڭا شۇنداق بىر سەممىي، پاك بىر خىل روھىي ئىلتىجا بىلەن تىكىلدىكى، گەرچە بۇ بەك ئېغىر مەسئۇلىيەت - يۈك بولسىمۇ رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم.

—— ماقۇل، خاتىرجەم بولۇڭ تۆمۈر ئاكا، ئاخىرىغىچە ۋەدەمدە تۇرىمەن!

—— ئەمىسە سۆزلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا! نىشان تەرەپ ئەتراپ- ئورۇنلارغا تازا سىنچىلاپ قارا، قاراپ ئېسىڭگە ئېلىۋال، پۇختا كۆرۈۋال، ئاشۇ تۆت بۇرجەك تۇرنىڭ جەنۇب تەرەپكە قارىغان تېمىدىن ئۇدۇل يەنە جەنۇبقا قۇم دۆۋىسىگە 300 قەدەم چامداپ قۇم ئارىسىغا كىرىسەن، بۇرۇلۇپ غەرب تەرەپكە 200 قەدەم، يەنە بىر ئۆرۈلۈپ جەنۇبقا 200 قەدەم ماڭغىنىڭدا تاقىر، قېتىپ كەتكەن قىزغۇچ بىر قۇم دۆۋىسىگە دۇچ كېلىسەن، بايلىق ئاشۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا، پەس تەرەپكە كۆمۈلگەن. ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدۇ، بۇ قۇم ھەرقانداق بوران - چاپقۇندىمۇ كۆچمەيدۇ. مانا بۇ خەرىتە، مەھكەم ساقلا! ئامانەت ئىگىسى مەيلى كىملا بولمىسۇن مۇشۇ خەرىتە بىلەن كېلىدۇ، خەرىتە شەرت! ئىككى خەرىتە ئوخشاش بولغاندىلا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ، ئاندىن بۇ قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ ئامانەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن، كەلگۈچىلەر مېنى تاپالماي مەھەللىدىكىلەرگە زوراۋانلىق ئىشلىتىپ قالسا، ئۆزۈڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشكارىلىنىپ ئامانەتنى تاپشۇر، مۇشۇ ئامانەتنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئۇچۇرىنى ئالغان ھامان تىك - تىڭلا.

ئۇلارنى كۆزەت، شۇلار ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالىساڭ كۆرۈشكىن، جەزىم قىلالمىساڭ سۈكۈت قىل، ۋاقىت، پەيت كۈت، كازاك دىميان شاگۇۋېي 54 ياشلاردا، ئېگىز، گەۋدىلىك، ئاق سېرىق يۈز، چېقىر كۆز، سېرىق چاچ، پېشانىسىدە قىلىچ ئىزىدىن قالغان تارتۇقى بار ئادەم، ئەگەر باشقىسى كەلسە خەرىتە ئاساس، يەنە گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئۇرامىغا قاراپ ئىش قىل، ئېزىپ خاتا قىلىپ قويما!

ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ تۆر تەرەپلەر، قەدەم سانى، بۇرۇلۇشلار ۋە ھېلىقى قۇم دۆۋىسىگىچىلىك تەكرار - تەكرار تەقلىدىي ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرسەتتى. مەنمۇ زېھنىم بىلەن سىنچىلاپ قاراپ پۇختا تەكرارلاپ ئېسىمگە ئېلىۋالدىم.

ـــ مۇبادا ـــ دېدىم ھەر ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ،ـــ ۋاقىت ئۇزىراپ تەقدىر - قىسمەن، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئامانەت ئىگىسى كەلمىسىچۇ؟ ئالتۇنلار قۇم ئاستىدا ئەبەدىي قالامدۇ؟

ـــ سەنمۇ ـــ دېدى تۆمۈر ئاكام كۈلۈپ كېتىپ، ـــ ئۆز ۋاقتىدا دىميان شاگۇۋېيغا قويغان سوئالىمنى ئەسلەتتىڭ، ئۇ كازاك «گېپىڭ ئورۇنلۇق تۆمۈر، ناۋادا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ مەن ياكى مېنىڭ ئادەملىرىممۇ كەلمىسە، بەش يىلغىچە ساقلا، ئالتۇنلارنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىش خەۋپى تۇغۇلسا، ئۆزۈڭ ئىشلەتكىن، قورۇنساڭ، دىلىڭ تارتمىسا، بىئەپ كۆرسەڭ، ئېچىپ ئېلىپ نامراتلارغا، ئىشلەمچى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەر ياكى ئۆزۈڭ ساۋابلىق دەپ قارىغان بىرەر ياخشى ئىشقا سەرپ قىلغۇەت، ئەمما ھەرگىز ئاچكۆز، بېخىل، رەزىل ئادەملەرنىڭ، باي - غەنىلەرنىڭ، خىيانەتكار ئەمەلدارلارنىڭ، يەرلىك بەگ - غوجاملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، چۈنكى ئۇلار ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ پۇقرالارنى شىلىپ توپلىغان مۇشۇ ئالتۇنلارمۇ ئاشۇلاردىن تارتىۋېلىنغانىدى، نامرات، ئىشلەمچىلەرگە تارقىتىپ بەرسەڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىگە قايتۇرغان بولىسەن ئۇقتۇڭمۇ؟» دېگەن ئىدى! سەنمۇ دىميان شاگۇۋېي دېگەندەك قىل!

ـــ ئۇقتۇم تۆمۈر ئاكا!

- ئەمىسە ئايرىلايلى! ساگا 30 تىللا قالدۇردۇم. ئۇ مەن ياتقان خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۈژمىنىڭ كۆكتىيىدە، مەندە يەنە 60 تىللا بار، تۇرمۇشۇمغا يېتىدۇ. پات - پات يوقلاپ تۇرغىن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئىشلىتەرسەن...

ـــ ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس تۆمۈر ئاكا! كىچىك تۇرسام، ئۆيدىكىلەر بىلسە گۇمان قىلىدۇ، چاتاق چىقىدۇ، ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىڭ!

ـــ تۇرمۇش دېگەن ياخشى ئادەمنى ئاسان تونۇپ بولالمايدۇ، ئەمما پۇل - دۇنيانى

تونۇيدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق يېسەڭ، سەن مېنىڭ ياخشى ئادەم بولغىنىڭدىمۇ پۇلۇڭ بولمىسا تاماق بەرمەيدۇ، مۇبادا قەبىھ ئادەم بولساڭمۇ، پۇلۇڭ بولسىلا تاماق يېيەلەيسەن، ئېلىپ قوي! زىيىنى يوق!

— تۆمۈر ئاكا!...

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خەير، خۇداغا ئامانەت! ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، لېكىن بۇ يەردە ئەمەس، ئەمدى مېنى زادىلا ئىزدىمىگىن، تاپالمايسەن.

ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كۆزىمىز ياش، خەيرلىشىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلدۇق، بىرقانچە كۈنلەرگىچە، يا كوچا، يا بازاردا ۋە خارابىلىكتە «ساراڭ» نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەكتەپتە پەخىردىن ماڭا:

— قارا نۇرئەخمەت، بىرنەچچە كۈن بولدى «ساراڭ» كۆرۈنمەيدۇ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق. دادام «بىر خىلۋەتتە ئۆلۈپ قالدىمىكىن» دەيدۇ. كېيىنچە خەۋىرى كېلىپ قالار! — دېدى ئېچىنغان ھالدا، ئەمما تېگىدىن خۇشال بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. «ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ تاپالمايسىلەر!» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۇم ۋە خاتىرجەم ھالدا يەنە زەردەم تېشىپ تەنە بىلەن:

— ئەمدىغۇ خۇش بولغانسىلەر؟ كۆزۈڭلەردىن نېرى قىلالماي بىئارام بولۇپ يۈرەتتىڭلار! — دېدىم. پەخىردىن «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى - دە، ھودۇققان ھالدا:

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ بىز نېمىشقا خۇش بولىدىكەنمىز؟ ئۇ دادامنىڭ ئىنىسى تۇرسا! — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساراڭ ھېچنەدە كۆرۈنمىدى. جامائەت ئىچىدە: «ساراڭ تۇيۇقسىز غايىب بوپتۇ» دېگەن گەپلەر ۋە ھەر خىل قىياسلار پەيدا بولۇپ، سۆز - چۆچەك، ئىغۋالارنىڭ بازىرى چىقتى، بىر مەزگىلدىن كېيىن، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبى بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئىغۋا بورانلىرى ئۆزلۈكىدىن بېسىقىپ قالدى. تۆمۈر ئاكام راستتىنلا بۇ يەردىن ئەبەدىي غايىب بولغانىدى، مەنمۇ ئەبەدىي ئۇچرىشالمىدىم.

بىر ئايچە ئۆتۈپ يانۋار ئېيىنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، پەخىردىن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىمىزگە يىغلىغان پېتى كىرىپ كەلدى - دە، زارلانغان ھالدا:

— دادام بىلەن ھېلىقى تۇرغۇن ئوغرىنى تۇر بىسۇۋېلىپ يانجىۋېتىپتۇ! ۋاي نۇرئەخمەد جېنىم ئادىشىم! ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ يېتىم - ۋەيران بولدۇق ئەمەسمۇ؟ — دەپ بوينۇمغا ئېسىلدى.

چۆچۈپ كەيپىم ئۇچقان هالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

ـــ قانداقلارچە تۇر بىسۇاالغاندۇ؟ ـــ دېدىم ئېچىنغان هالدا پەخرىدىننى بەزلەپ تۇرۇپ.

ـــ تۆگۈن كەچتە هېلىقى تۇرغۇن دېگەن ئوغرى يەنە پەيدا بولدى، دادام بىلەن ئۇزاققىچە گۇدۇڭلىشىپ كەتكەندى، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا كەتمەنلەرنى ئېلىشىپ «بىر يەرگە بارىمىز» دەپ چىقىپ كېتىشتى. كېچىنىڭياقى تۇرنىڭ ئاستىنى كولىغان چېغى، هەممىسى پۇل ـ دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىش دېگىنە ئاداش! هەممىنى قىلغان ئاشۇ تۇرغۇن ئوغرى!

تۇر ئاستىدىن پۈت ـ قوللىرى چىقىپ قالغان ئاشۇ جەسەتلەرنى سەهەردە قارا كۆل جاڭگىللىغا ئوتتۇنغا ماڭغانلار (يول شۇنداق ئۆتەتتى) كۆرۈپ خەۋەر قىلغانىكەن، مەهەللىدىكىلەرنىڭ هەممىسى كۆرگىلى، جەسەتلىرىنى ئاچقىلى قۇملۇققا قاراپ مېڭىشتى. پەخرىدىنمۇ«يېتىم بولدۇق دادام!» دېگىنىچە يىغلاپ ـ زارلىنىپ توپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

ئاجايىپ تەقدىر ـ قىسمەت! يۈرىكىمنى ئازاب، ئېچىنىش چىرمىۋالدى. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلمەكتە، مەنمۇ جامائەت توپىغا قوشۇلدۇم، ئەھۋال راست شۇنداق ئىكەن.

ئەسىرلەردىن بېرى چىدام بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇر مال ـ دۇنيا ئاۋارىچىلىقى بىلەن نىيىتى بۇزۇلغانلارنىڭ كەتمىنى تەگكەن هامان بۇ هاراملىقنى هار ئالدىمۇ، غەزەپلىنىپ جازالىغۇسى كېلىپ قالدىمۇ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

بۇ ئىشنىڭ سىر ـ ئەسرارى جامائەتكە چۈشۈنۈكسىز ئىدى، پەقەت مەنلا چۈشىنىمەن ۋە پەرەز قىلالايمەن. تۇرغۇن پەيدا بولۇپ «ساراڭ» نىڭ غايىب بولغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنگەن، يېپ ئۇچىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكىنىگە هەسرەت چەككەن بۇ مەلئۇن يەنە بىر دىلى قارا ئاسىي ئاكىغا يېڭى بىر رەزىل پىلاننى كۆرسەتكەن. ئۇ «يىپ ئۇچى يوقالسىمۇ، لېكىن قۇيرۇقى بار، شۇنىڭدىن بىز بۇ مال ـ دۇنيالارنى تېپىۋالالايمىز. ئاشۇ كۈنى تۆمۈر هېلىقى كازاك بىلەن يۈك ئارتىلغان خېچىرنى ئالدىغا سېلىپ قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مېنى بولسا قوغلىۋەتتى، گۇمانىم قوزغالدى، يىقىندىن ئەگىشىپ كۆزەتسەم سىزىپ قالسا ئېتىۋېتەتتى. شۇڭا يىراقتىن كۆزەتتىم. ئۇلار تۇر ئالدىدا توختاپ چامداپ ئۆلچىگىلى تۇردى«هە، خېچىردىكى يۈك چوقۇم دەپنە ـ دۇنيا ئىكەن، تۇرنىڭ ئاستىغا كۆمۈشنى ئويلاۋېتىپتۇ، هەرقانداق ئەهۋالدىمۇ قوزغالماس ئېنىق بەلگە مۇشۇ تۇر، دەپ

ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم. كۆرۈپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم. ئىككىمىز كىچىلەپ بىرىپ دەپى ـ دۇنيالارنى تۇر ئاستىدىن ۋاقتىدا قىزىۋالايلى! » دىگەن بولۇشى مۇمكىن. پۇل ـ دۇنيا مەستانىلىقىدا ئەقلىدىن ئازغان ئاكام«راست بولمىسا، ھىلىقى كازاك تۆمۈرگە بىكاردىن بىكار 100 تىللا بىرەمدۇ؟ قىماردا چوتا ئالدىم دەيدا تىخى!» دىگىنىچە تۇرغۇنىنىڭ گىپىگە ئىشىنىپ ئەگىشىپ تۇر قىشىغا كەلگەن ۋە بۇ پاجىئەگە يولۇققان.

بۇ پاجىئەدىن كەنت ـ مەھەللە، بازار، يىقىن ـ يىراق جامائەت تەۋرەپ كەتتى، نامازغا بەك كۆپ ئادەم كەلدى. يىغلاشتۇق، قاقشاشتۇق، مىيتلارنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلەپ نەزىرىنىمۇ بىرىۋەتتۇق. پاجىئەگە بەكمۇ ئىچىندىم، ھەممە ئىشلاردا يىقىن تۇردۇم، جامائەت ئىچىدە پاجىئەنىڭ سەۋەب ـ ئەسرارىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار ھەر خىل گەپ ـ سۆز، چۆچەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يۈرۈشتى. لىكىن ئۇ سۆز ـ چۆچەكلەر، ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئەمەس، ئەسلىي قىياپىتىنى، ھالىتىنى پەقەت مەنلا بىلىمەن، خالاس. بىلسەممۇ چىداملىق، تەمكىنلىك بىلەن ھىچكىمگە تىنمىدىم.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بىشىدا ئىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزان قىسىملىرى تەگرىتىغىدىن ئىشىپ غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۈۋىسى بولغان ئاقسۇ شەھىرىنى سىپىل سىرتىدىن قورشىۋالدى. سىپىل ئىچىدە ئاقسۇنىڭ مۇداپىئەسىگە مەسئۇل گومىنداڭ 5 ـ ئاتلىق تۈەنىنىڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق قىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. لىكىن قامال قاتتىق بولغاچقا، ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى سىپىل ئىچىگە سولۇقۇپ قالغانلىقتىن، باشقا ناھىيە ـ يىزىلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تىزگىنسىز، ھۆكۈمەتسىز، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مىلتىق، پىلىموت، مىناميۇتلاردىن ئىتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازلىرى، گىراناتلارنىڭ پارتلاشلىرى چەت، يىراق يىزا ـ كەنتلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىزمۇ ئاڭلاپ تۇردۇق. ھەممە يەرنى ئۈرۈش ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن، خاتىرجەمسىزلىك، بەزى دىھقانلار«بىز دىگەن پۇقرا، بىزگە نىمە كىلەتتى؟ ئاشلىق بولمىسا قورساق ئاچ قالىدۇ، ئىشىمىزنى قىلغاچ تۇرايلى» دىيىشىپ، كۆزلۈك يىغىم ـ تىرىم بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن دىھقانلار تام ـ زىمىنلىرىنى تاشلاپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئىلىشقانلىقتىن، كەنت، مەھەللە ئىچى جىمجىت، چۆلدەرەپ قىلىشقانىدى، بىرسى

بىلەن بىرسىنىڭ كارى يوق، ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغان چاغلار ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقاندا، مەھەللىمىزگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ فورمىسىنى كەيگەن ئۈچ ئاتلىق كىشى، ئىككى رۇس، بىرى ئۇيغۇر... پەيدا بولۇپ قالدى. مەن بىر دېھقاندىن ئۇلارنىڭ ھېلىقى «ساراڭ»نىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. گۇپپىدە كۆڭلۈمگە«ھە، بۇ كىشىلەر چوقۇم ئاشۇ ئامانەتنى ئىزدەپ كەلگەنلەر، ئۇچرىشىپ نىيىتىنى بىلىپ بېقىپ، راستىنلا شۇلار بولسا ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئېغىر يۈكتىن خالاس بولاي» دەپ ئويلىدىم. ھېچكىمگە سەزدۇرمەي ئۇلار چۈشكەن جاينى ئىزدەپ تاپتىم. بۇ چاغدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىت بولۇپ قالغانىدىم. ئۇلار باشقا بىر كەنتتىكى غازى بېگىم دېگەن بىر باينىڭ قورۇسىغا چۈشكەن، ئۆي ـ جاينى يىللىقچىسىغا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى چەت ـ ياقىغا كېتىشكەن، كىرسەم، ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىككىلىنىپ قالدىم. ئىككىسى ياشقىنا يىگىتلەر، باشلىق سۈپەت بىرسى 54 ياشلاردا، گەۋدىلىك، سالاپەتلىك، مۈرىلىرىگە پاگون تاقىغان، يان قورالى بار بىر روس ئىكەن، بىراق ئۇ تۆمۈر ئاكام سۈپەتلەپ بەرگەن دىميان شاگۇئى دېگەن كازاكقا تازا ئوخشىماي تۇراتتى.

ـــ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ـــ دېدى سالاپەتلىك رۇس كىشى بېجىرىم ئۇيغۇر تىلىدا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ـــ ھەئە، گېپىم بار ئىدى ـــ دېدىم دادىل تۇرۇپ،ـــ سىلەر تۆمۈر ئاكامنى ئىزدەمسىلەر؟ ئۇنى نېمشقا ئىزدەيسىلەر؟ ئۇ ھازىر يوق!

رۇس كوماندىر بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى ۋە قىزغىنلىق بىلەن:

ـــ ھە يىگىت، ئۇنى تونۇيدىكەنسىز، ئۇنىڭدا ئامانىتىمىز بار ئىدى، ئۇ نەگە كەتتى؟ ـــ دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئامانەت ئىگىسىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدىم ـ دە، تارتىنمايلا:

ـــ سىز بىلەن ئايرىم كۆرۈشسەم دەيمەن ـــ دېدىم. ئۇ جەگچىلىرىنى قالدۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى، سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىدىكى شاخلىق سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كەلدى، ئېرىقنىڭ قېشىدىكى خۇشبۇي يالپۇزلار ئۆسكەن قۇملار ئۈستىگە ئولتۇرۇشتۇق.

ـــ سىز دىميان شاگۇئىي ئاكام بولامسىز؟

ئۇ ئەجەبلەنگەن ھەم خۇشال كەيپىياتتا:

ـــ مەن ئۇنىڭ ئىنىسى ستېپان فودفوروۋىچ (جۇگۇي) بولىمەن، يەنى ستېپان زاخاروۋىچ تخېنوف، ھازىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيەسى جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزان قىسمىنىڭ بىر لىيەنجاڭى، ئاكام دىميان زاخاروۋىچ تخېنوف 1937ـ يىل 8 ـ ئايلاردىكى ئىسپيانلار بىلەن بولغان جەڭدە ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غورروچول يېزىسىدىكى بىر جەزىرىدە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ يەردە قويۇلدى. مەن باشقا لىيەندە ئىدىم. ئاكام جان ئۈزۈش ئالدىدا بارلىق ۋەسىيەتلەرنى ماڭا قالدۇرغان، يىللار ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتىم، قىسمىلىرىمىز ئاقسۇنى قورشاپ ياتماقتا. پۇرسەت چىقىرىپ ئامانەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالاي دەپ كېلىشىم. سىز...
ـــ مېنىڭ ئىسمىم نۇرئەخمەت، شۇ يەرلىك، تۆمۈر ئاكامنىڭ ۋاكالەتچىسى، ھازىر ئۇ يوق، ھەممىنى ماڭا تاپشۇرۇپ كەتكەن. مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسىڭىز بولىدۇ، ئىسپاتىڭىزنى چىقىرىڭ! ـــ ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن خەرىتىنى ئالدى. مېنىڭكى بىلەن سېلىشتۇردۇق، ئوخشاش چىقتى، بىرلىككە كەلدۇق.
مەن مۇشۇ پۇل ـ دۇنيا خاپىچىلىقىدا مەھەللىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېپتىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. ستېپان جۇگۇيىي ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ:
ـــ تۆمۈر ۋە سىز نېمە دېگەن ساپ، ئېسىل ئادەملەر ـ ھە؟! ئاكامىمۇ خاتا تونۇماپتىكەن، بولدى! بۇ پۇل ـ دۇنيالاردىن مەنمۇ كەچتىم. بۇ مال ـ دۇنيالار مېنىڭمۇ بېشىمغا چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. قاراڭ ئۇكام، ئاكامىمۇ مۇشۇ مال ـ دۇنيا خاپىچىلىقى بىلەن ئوق يەپ ئۆلۈكى ۋەتەندىن يىراقتا چۆلدە قالدى. ئىككى پاسىقمۇ تۇر ئاستىدا ئۆلۈپتۇ. تۆمۈردەك بىر ساپ ئەزىمەت، پۇل ـ مال دۇنيا ئۈچۈن، ۋەدىگە ۋاپا قىلىمەن دەپ ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچ كېلىپ ئاخىرى كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ مال ـ دۇنيالار ماڭىمۇ قانچىلىك ۋاپا قىلىپ كېتەر؟ بىز كېتەيلى، ئۇ سىزدەك ساپ نىيەت بىر يىگىتكە قالسۇن، خالىسىڭىز ئىختىيارىڭىزغا ئېلىڭ، خالىمىسىڭىز ئىشلەمچى دېھقان، پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىڭ ياكى جامائەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن ساۋابلىق جەھەتلەرگە سەرپ قىلىۋېتىپ خۇشال بولۇڭ ـــ دېدى قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ. مەن بىردەم ئويلىنىپ ئاندىن سىلىقىنا رەت قىلدىم.
ـــ سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ستېپان ئاكا! ياق، بۇ دەپىي ـ دۇنيالارنى مەنمۇ قوبۇل قىلالمايمەن! ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ قولۇمغا ئۆتسە ھامان ئەتراپقا يېيىلىدۇ. جامائەت دېگەننىڭ ئاغزى كەڭ، ھەر خىل

سۆز ـ چۆچەك، پىتنە ـ ئىغۋالار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پۈلنىڭ كويىدا دۈشمەنلىك كۆپىيىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ«بۇنى قانداق تاپتىڭ؟» دەيدۇ. تىنچلىقىمىز، خاتىرجەملىكىمىز بۇزۇلىدۇ، بېشىمىزغا پىت سېلىۋالىمىز، بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، ھالاللىق بىلەن ئىككى بىلىكىمىزگە تايىنىپ، تۇپراق قېتىدىن رىزقى تېپىپ يەپ ياشاپ كەلگەن ئادەملەر، ھېلىمۇ شۇنداق ياشاپ ئۆتۈپ كېتەيلى، ياخشىسى سىز ئېلىپ كېتىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ،

ـــ دېدىم.

ستېپان جۇگۇۋېي ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ماڭا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى ـ دە، قايىللىق بىلەن:

ـــ ئۇيغۇرلار مەرد، ئوچۇق ـ يورۇق، سەممىي ـ ساددا خاراكتېرگە ئىگە خەلق، بۇنى مەن يەنە بىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلدىم. گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ ئىنىم. ئانداق بولسا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ خوجۇلۇق خەزىنىسىگە تاپشۇراي، شۇنداق قىلسام ناھايىتى توغرا بولىدىكەن ـــ دېدى.

ـــ ئىنىم،ـــ دېدى ئۇ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ ئاكام يەنە بىر خاسىيەتلىك خەنجەرنىڭ گېپىنى قىلغانىدى، ئۇ خەنجەر بوۋىمىزدىن مىراس قالغان يادىكارلىق، ئىنتايىن مۇھىم بايلىق ـ مىراس ئىدى، ئۇ قېنى؟

ـــ توغرا! ئۇ خەنجەرنى مەنمۇ تۆمۈر ئاكامنىڭ قولىدا بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدىم. ھەقىقەتەن سىرى ـ ھېكمىتى قالتىس. تۆمۈر ئاكام بۇ خەنجەر بىلەن ئەتراپىدىكى قارا نىيەت ـ خىرىس كۈچلەرگە تاقابىل تۇرغانىدى. ئۇ كېتەر چېغىدا خەنجەرنى ئېغىزىغا ئالمىدى. مەنمۇ سوراشقا ئوڭايسىزلاندىم.

ستېپان جۇگۇۋېي ئەپسۇسلۇق كەيپىياتتا ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇغا تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ماڭا قاراپ مەردانىلىك بىلەن:

ـــئۇ ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك بىر مۈلۈك ئىدى، خەير، بوپتۇ! سالىۋات، تۆمۈردەك ۋە سىزلەردەك مەرد، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا بىر خەنجەر دېگەن نېمىتى؟ ـــ دېدى.

ـــرەھمەت ستېپان ئاكا،ـــ دېدىم مەنمۇ بۇ كازاك روس ئوفىتسېرنىڭ مەردانە ھىممىتىگە قايىل ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىم بىلەن.

مەن ستېپان جۇگۇۋېي ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى قوم چۆلدىكى ھېلىقى دۆڭگە باشلاپ باردىم. ئۆلچەم ـ لايىھەلەر بويىچە ساندۇقچىلار كۆمۈلگەن جاينى تاپتۇق.

ستېفان جۇڭۋېي قۇم دۆۋىسى ئالدىدا بىردەم سۈكۈتتە تۇردى ـ دە، ئاندىن مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئاتلىنىپ ئاقسۇ شەھىرى تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## خاتىمە

ئەسلىمىلەر ئاياغلىشىپ قالدى. بۇ بىر رومان ياكى بەدىئىي توقۇلما ئەسەر بولسىدى، ئەسلىمىنىڭ ئاخىرىنى خالىغانچە سوزۇپ، تەسۋىرلەپ ھېلىقى دەپى ـ دۇنيالارنىڭ، ستېفان جۇڭۋېينىڭ قولى ئارقىلىق تىنچ، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە باش شتاب خوجىلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن قىلىپ تەسۋىرلەپ كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇرساق بولاتتى.
بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىغان، ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا يەنە دۈشمەننىڭ ـ گومىنداڭ ئارمىيەسى ئاقسۇدىكى 5 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭى جياۋخەنچىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.
يېزىۋاتقىنىمىز ئەسلىمە بولغىنى ئۈچۈن، بىزمۇ راستچىللىقتا سادىق بولغان ھالدا ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر قانداق بولغان بولسا شۇنداق خاتىرىلەشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇ ئەسلىمىدىكى ئاساسلىق كىشى نۇرئەھمەد شۇنداق دەيدۇ.
1950 ـ يىلى مەن ئاقسۇ شەھىرى ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، سالى ھۆسەن ئىسىملىك بىر پۇتى ئاقساق ياشقىنا بىر كىشى بىلەن ئۇلپەتلىشىپ قالدىم. بىر كۈنى گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، سۆھبىتىمىز 1945 ـ يىلىدىكى ئاقسۇ دائىرىسىدە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى توغرىلىق بولۇپ قالدى، شۇ چاغلاردا سالى ئاكام گومىنداڭ ئارمىيەسى ئاقسۇدىكى 5 ـ ئاتلىق تۈەننىڭ خىللانغان (گىۋاردىيە) 3 ـ لىيەنىدە ئەسكەرلىك سالاھىيەت بىلەن ئاشۇ جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان. كېيىن بۇ قىسىم يەكەنگە يۆتكەلگەن. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، بۇ قىسىم ھەقىقەتكە قايتقان. سالى ئاكام ئەسكىرىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ پۇقرادارچىلىق قىلغان(بۇ كىشى 2002 ـ يىل9 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى). بۇ كىشى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ:

1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز ھەربىي ھالەت كارنىيى

چىلىندى، قورالىنىپ ئالدىراش سەپ تارتتۇق، كېچىدە ئارغامچا شوتىلار بىلەن سىپىلدىن سىرتقا يامىشىپ چۈشتۇق. تاڭ سۈزۈلۈپ بولغۇچە، ئۇيقۇدا ياتقان پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىدىكەنمىز، تاڭ سەھەردىلا كارناي ئارقىلىق ھۇجۇم سىگنالى چېلىندى. «سا... سا!...» دەپ نەرە تارتىپ ۋارقىراپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن بىخود ھالدا ئۇيقۇدا ياتقان پارتىزانلار قاتتىق مەغدەپ كەتتى. ساراسىمە بولۇپ، تارقاق ھالدا ئېتىپ قېچىشقا باشلىدى، كۆپلىرى جەڭ بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمىلىرى ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى، بىر قىسمىلىرى يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشتى، بىزنىڭ 3-لىيەن ئاسۇق مەھەللىسى خۇمدان بېشىغا چۈشكەن پارتىزانلارغا ھۇجۇم قىلدۇق. تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچقانلارنى قوغلاپ «كىرىش» مازار يولى ئېغىزىغا بېرىپ قاپتىمەن، قارىسام «كىرىش» ئېغىزىدىكى (بۇ جاي ھازىر شەھەرلىك تۈرمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى) ئۈچ بۇرجەك ئاچال دۆڭلۈكتە بىر جەسەت ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە تاشلىغان ھالدا ئوڭدا يېتىپتۇ. ئۈچ مېتىر نېرىدا ئارقىسىغا ئېغىر خۇرجۇن غانجۇغلانغان، ياخشى ئىگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق، زور، ماڭلىيىدا ئاق يۇلتۇز قاشقىسى بار قارا ئارغىماق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن خارتىلداپ پۇشقۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. «ئولجا!» دېدىم ئىچىمدە سۆيۈنگەن ھالدا. «ئەمدى خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولدۇم» شۇ نىيەت بىلەن ھېلىقى جەسەتنىڭ قېشىغا كەلدىم. جەڭدە ئولجا ئالساق تۆھپىمىزگە قاراپ مۇكاپاتلايتتى. دەرىجىمىزنى كۆتۈرەتتى، ئايلىقىمىزمۇ ئۆسەتتى، قارىسام ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن جۇڭگۇيى دەرىجىلىك بىر رۇس ئوفىتسېر ئىكەن. بېلىدە تاپانچا، بىر قولىدا سوۋېتسكى دىگتار ئاپتومات تۇتۇقلۇق، ئوق ئوڭ بېقىنىدىن كىرىپ تاغاق سۆڭەكنى چېقىپ تېشىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. قان تېخى توختىماپتۇ. كۆلچەك ھاسىل قىپتۇ، بۇ ئىشلار مەن يۈگرەپ كېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن بولسا كېرەك. تېنى سوۋۇمىغان، قاتمىغانىكەن. جەسەتنىڭ ئوچۇق كەتكەن كۆزى كۆپكۆك، ئاسمانغا تىكىلگەن، چىرايىدا قانداقتۇر بىر ئەپسۇسلۇق، ھەسرەت ئىپادىلىرى قېتىپ قالغانىدى.

جەسەتنى ئۆرۈپ كەمەرنى يېشىپ تاپانچا، ئاپتومات ۋە ئوقلارنى ئالدىم. يانلىرىنى ئاقتۇرسام قوپقۇرۇق، پەقەت سول تەرەپ تۆش يانچۇقىدىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بەرگەن ئوفىتسېرلىك كىملىك چىقتى. قارىسام بىر چېتىدە ئۆلگۈچىنىڭ رەسىمى ۋە ئۇيغۇرچە، رۇسچە تىل - يېزىقتا بېسىلغان

گىرافىك (كاتەكچە) مەزمۇنلىرى بار ئىكەن. ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى خەتلەرنى ئوقۇيالايتتىم. ئوقۇپ باقسام «ستېفان زاخاروۋىچ تىخونوف، رۇس، فودفوروچىك (جۇڭۋېي)، 40 ياش، زامكوم ئىسكادرون (فۇلىيەنجاڭ)...» دېگەن مەزمۇنلار بار ئىكەن. ئاساسەن بىزنىڭ ھەربىي خىزمەت سالاھىيەت گۇۋاھنامىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ جىگەر رەڭلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ توق قىزىل تاشلىق ئىكەن. ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ئاتنى تۇتۇپ ئالاي دەپ يېقىنلاشسام خارتىلداپ چاپچىپ يېقىن يولاتمىدى، نېرىدا پارتىزانلارنى قوغلاپ يۈرگەن بىزنىڭ پەيدىكى بىرقانچە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر مېنى كۆرۈپ يۈگرەپ كېلىشىپ چۆرىمگە ئولاشتى.

—— سالى بۇ رۇسنى سەن ئاتتىڭما؟ قالتىس! ئولجىغا بىزنىمۇ شېرىك قىل ـ ھە؟!

—— ھە، مەن ئاتتىم، —— دېدىم (ئەسلىدە مەن ئاتمىغان، باشقىلار ئاتقان ئوق قارىسىغا تەگكەن ئىكەن، ئولجىنى تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «مەن ئاتتىم» دېدىم). بىردەمدىلا پەيجاڭ، لىيەنجاڭلار يېتىپ كېلىشىپ «نېمە ئىش، نېمە ئىش؟» دەپ سوراشتى. ئاتنى بىر ئامال قىلىپ تۇتىۋالدۇق. دەل شۇ پەيتتە جياۋ تۇەنجاڭ ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئەھۋالنى ئۇقتى، جەسەتنى تاپانچا، ئاپتومات، ئوق، ئاتنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. ھەربىي كىنىشكىسىنى ئۆزى ئالاھىدە ئوراپ تۆش يانچۇقىغا سالدى. ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىن خورجۇنلارنى يېشىپ ئېچىپ قارىۋىدى، بىر ساندۇقچىدا لىق تىللا، يەنە بىرسىدە لىق زىنقچە ئالتۇن بار ئىكەن، نەيزە بوي ئۆرلىگەن قۇياش نۇرىدا ئالتۇنلار ئىللىق يالتىراپ تۇراتتى. ھەممىمىزنىڭ كۆزى ئالتۇنلارغا تىكىلدى «ۋاي ئېست!» دەپ قالدۇق ئىچىمىزدە، ئادەم كۆپ، شەخسنىڭ قىلىۋېلىشقا ئىلاج يوق ئىدى.

—— مو خەيجاڭ (سالى ئاكىنىڭ خەنزۇچە ئىسمى)، سەن جۇڭخۇا مىنگو ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىنگو قوراللىق ئارمىيەسىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا تۆھپە ياراتتىڭ! 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتىڭ، ساڭا 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمانلىق مېدالى بېرىلىپ، ۋەزىپەڭ شاڭشى فۇپەيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى (ئاددىي ئەسكەر ئىدىم) ھەم بۇ تىللادىن 20 دانىسى ئىنئام قىلىندى. سىلىڭبۇغا قايتقاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەسكەرلەر سېپى ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ! —— دېدى (كېيىن شۇنداق قىلىندى. بۇ تىللالارنى مەن يەكەنگە يۆتكەلگەندە بىر قېتىملىق قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتىم).

—— خۇڭ لىيەنجاڭ! —— دەپ بۇيرۇق قىلدى يەنە جياۋ تۇەنجاڭ —— سەن بۇ ساندۇقلارنى ھازىرلا پېچەتلەپ، يارامىلىق 10 ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە دەرھال

سىلىڭبۇغا ئېلىپ بار. نازارەتنى كۈچەيتىپ، كومىسسىيە تەشكىللەپ، ئالتۇنلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ رويخەتكە تىزىملاڭلار، قايتىدىن پېچەتلەنسۇن ۋە تۆەن خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلسەن! كېيىن ئۇرۇمچى گارنىزون باش شتابىغا يوللاپ بېرىلىدۇ. قىلچە شەخسىي غەرەز-سەۋەنلىكلەر كۆرۈلمىسۇن! خىلابلىق قىلغۇچىلار بۇلاڭچىلار سۈپىتىدە ئېتىپ تاشلىنىدۇ!

—— خوپ تۇەنجاڭ!...

خۇڭ يادۇڭ ليەنجاڭ چاست بەردى - دە، ساندۇقلارنى قايتىدىن پېچەتلەپ ئاتقا قايتىدىن غانجۇغىلىدى. مەن بىلەن 10 نەپەر ئەسكەرنى تاللاپ ئاتلاندۇردى. بىز جەڭگاھتىن ئايرىلدۇق، ئالتۇنلارنى سېپىل ئىچىگە ئەكىرىۋالدۇق...

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى: ئېزىز ساۋۇت

**مەنبە: يەتتە قىزلىرىم مۇنبىرى**